



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

3

1999

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

www.uyghurkitap.com




نىگېرىيە پايتەختى ئابۇجا شەھىرىنىڭ باشلىقى داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى قارشى ئېلىپ ئۇنىڭغا: "ئابۇجا شەھىرىنىڭ شەرەپلىك پۇقراسى" دېگەن نامنى بەردى ۋە شەھەرنىڭ "ئالتۇن ئاچقۇچى"نى ئىنئام قىلدى.



ئىسمائىل ئەھمەد نىگېرىيىنىڭ يېڭى زۇڭتۇڭى ئولۇسېگۇن ئوبكىنئولا ئا
ئوباسانجونى زىيارەت قىلىپ قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇنىڭغا رەئىس ج
زېمىننىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ يوللىغان مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ بەردى



ئىسمائىل ئەھمەد نىگېرىيىنىڭ سابىق دۆلەت باشلىقى ھاجى ئابدۇسالام ئەبۇبەكرى بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشتى ۋە رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن يېزىپ يوللىغان مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ بەردى.



مالى زۇڭتۇڭى ئىبراھىم ئەبۇبەكر كىتا ئىسمائىل ئەھمەدنى قوبۇل قىلدى ئىككى تەرەپ سەممىي سۆھبەتلەشتى.



قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ 5-قارارلىق تالىپلىرى 1999-يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم ، سادىق قارىي ھاجىم، مۇھەممەد ئىمىن قارىي ھاجىم قاتارلىق ئۆلىما-ئۇستازلار ۋە روزى كېرىم قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.




بىڭتۇەن بويىچە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان 40 كىشىلىك ئۈچ ئايلىق د
زاتلار كۇرسىدا بۇ يىل 5-ئاينىڭ 15-كۈنى دەرس باشلاندى. روزى ئىبرا
قاتارلىق رەھبەرلەر مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林
CHINA MUSLIM
(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىددىن ھاجى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: رىشىت ھاجى ۋاھىدى
تېخنىكا تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ھاجى ۋاھىدى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتانومۇرى: 100053، تېل: 63513181(010)
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇ، پوچتانومۇرى: 830001، تېل: 2566193(0991)

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
特聘编辑：热西提哈吉·瓦依提
技术编辑：阿布力孜·卡斯木
封面设计：哈吉瓦依提
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
（北京市宣武区南横西街 103 号）
邮政编码：100053 电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路 119 号
邮政编码：830001 电话：(0991)2566193

## مۇندەرىجە

### ئالاھىدە خەۋەرلەر

دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد نىگىرىيىنىڭ ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە يېڭى زۇڭتۇڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى ... ........................ لى خۇاشىن (4)

3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى ............ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (5)

### ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئىنسانلار ئەمگەكچان ۋە ئىجادكار بولۇشى لازىم
—«قۇرئان كەرىم»دىن ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر ........................ ............ ۋاڭ خۇيپۇ، مى شۇجياڭ (7)

ئىسلام دىنىنىڭ بايلىق قارىشى توغرىسىدا ................ ئابدۇلئەھەت سىدىق (17)

### ۋەز-تەبلىغ

ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش ........ مۆھتەرەم ھاجى (21)

### ئىسلام ئەدەپ-پەزىلەتلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا .................. ياقۇپ ھەمدۇللا (24)

ئارىمىزدىكى بىدئەت ئەمەللەرنى يوقىتايلى .............. ................ زۇلپىيە ئوسمان (30)

### ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار

ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئىززەت-ئېتىبارى توغرىسىدا ... .................. ئارزۇگۈل (31)

مىللىتىمىزگە مەسلىھەت ........ ھۆسەنجان تۇرسۇن (34)

### ياش ئالىملىرىمىز

يورۇقلۇق ئەلچىسى
—مەملىكەت بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دوختۇر، كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش مۇتەخەسسىسى ھەدىيە ھاشىم توغرىسىدا ... ھەجىر سابىت، ئەنۋەر مۇھەممەت (38)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى خەلقئارا ئىسلام ئالىي كېڭىشىنىڭ 11-سانلىق يىغىنىغا قاتناشتى چىن يۇيلۇڭ (44)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى 12-نۆۋەتلىك "دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقلىقى يىغىنى"غا قاتناشتى شەمسىددىن مىن چاڭ (45)


## ئىسلام مائارىپى


بىكتۇەن بويىچە دىنىي زاتلار كۇرسى ئېچىلدى ...... ھۇسەنجان (46)

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى ئىسلام دىنى مەكتىپىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ...... ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (46)

بايىنغولىن ئوبلاستلىق تۇنجى قارارلىق ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش سىنىپى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ...... مۇھەممەت تۇرسۇن (47)

قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي زاتلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى ...... ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (48)

چىرا ناھىيىسىدە ياش دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى ...... ئىمىركىن مۇھەممەتتۇرسۇن (48)


## تۆھپىكار دىنىي زاتلار


ئابدۇكېرىم ئۆمەر، ئابدۇۋەلى ئەخمىدى، مەخەت ھامۇللا، ھەسەن ئابدۇۋەلى، سەمەت دالى، تۇرسۇنجان زۇنۇن، ھەسەنجان قارىي، تۇردى ئەبەيدۇللا، شاھمەردان ئىمىننىياز ...... (49)


## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار


ساخاۋەتلىك تىجارەتچى ...... ھەسەنجان قارىي (52)


## خەۋەرلەر


ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەنتەربىيە دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ...... ئابدۇخالىق ھاجى ئابدۇلھەق ئەزھەرى (53)

شىخۇ يېزىسىنىڭ شىنگۇ كەنتى مەسچىتكىمۇ يەر بۆلۈپ بەردى ...... ئابلىمىت قۇربان ھاجى (53)

«دوزاخقا سەپەر» ناملىق تېلېۋىزىيە ھېكايە فىلىمى ئىشلەندى ...... ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (54)

ئىشنى ئوڭايلاشتۇرغان كاتتا سۆز ...... ئابلىمىت قۇربان ھاجى (37)

مەرھۇم جاپار ئەمەتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى نەزىرگە ئاتىغان 5000 يۈەننى يېتىملار مەكتىپىگە ئىئانە قىلدى ...... (6)

ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپ ھاجى ئاتىسىنىڭ نەزىرگە ئاتىغان 6000 يۈەننى نامرات ئائىلىلەرگە ئىئانە قىلدى ... (43)


## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى


ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر ...... «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (6)


## ھىجرىيە يىلنامىسى


ھىجرىيە يىلنامىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ...... شەمشىددىن ھاجى (55)

ھىجرىيە 1420-يىللىق روزا تۇتۇش ۋاقتى جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى) ...... مۆھتەرەم ھاجى (64)


**مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە:** ئېرۇسالېمدىكى ئەقسا مەسچىتى (مىلادىيە 684-يىلى سېلىنغان).


**★ 1999-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشىردىن چىقتى ★**

# دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد

## نىگېرىيىنىڭ ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە يېڭى زۇڭتۇڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى

1999-يىل 5-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە، دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد رەئىس جياڭ زېمىننىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى سۈپىتىدە نىگېرىيىنىڭ ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ۋە يېڭى زۇڭتۇڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تەكلىپكە بىنائەن مالى، يېشىل تۇمشۇق ئەللىرىدە رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى. يۇقىرىدىكى ئۈچ دۆلەت دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ زىيارىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ھەم ئىسمائىل ئەھمەدنى يۇقىرى ئۆلچەم ۋە قىزغىن، دوستانە كەيپىياتتا كۈتۈۋالدى. نىگېرىيىدە، ئىسمائىل ئەھمەد سابىق دۆلەت باشلىقى ھاجى ئابدۇل سالام ئەبۇ بەكرى، يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان زۇڭتۇڭ ئولۇسېگۇن ئوكىكىئولا ئارىمۇ ئوباسانجو ۋە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ھاجى ئابۇبەكرى ئاتىكۇنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە رەئىس جياڭ زېمىن، مۇئاۋىن رەئىس خۇ جىنتاۋلارنىڭ ئۇلارغا يوللىغان جاۋابەن خېتى، تەبرىك خېتى ۋە تەبرىك تېلېگراممىسىنى سۇندى؛ نىگېرىيە ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە يېڭى زۇڭتۇڭ، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلار ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا ھەم مۇناسىۋەتلىك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. شۇنداقلا نىگېرىيىنىڭ ئابۇجا شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ئالايتەن ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ شەھەرگە كىرگەنلىكىنى قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ نىگېرىيىگە كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى ۋە ئىسمائىل ئەھمەدكە ”شەھەرنىڭ شەرەپلىك پۇقراسى“ دېگەن نامنى بەردى ھەمدە شەھەرنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ئىنئام قىلدى. مالى، يېشىل تۇمشۇق مەملىكەتلىرىدە بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭ، زۇڭلى ۋە پالاتا رەئىسىنى زىيارەت قىلدى ھەم ئۇلارغا دۆلىتىمىز رەھبەرلىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە ھۆكۈمىتىمىزگە ۋاكالىتەن مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئىمزالاشتى. ئىسمائىل ئەھمەد بۇ ئۈچ دۆلەتتىكى زىيارىتى داۋامىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغان 20 نەچچە يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئىسلاھات، مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر ياقلىق قىلىش جەھەتتىكى تەجرىبە ۋە چارە-تەدبىرلىرىنى چۈشەندۈردى، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈپ، بىرلىكتە يۈكسىلىۋاتقان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنى تونۇشتۇردى، مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ۋە ھەرقايسى دىنلارنىڭ بۇ سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. بۇ ئۈچ دۆلەت بىلەن قانداق قىلىپ ئۆزئارا ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى ھەمدە كەڭ دائىرىدە ئورتاق تونۇشقا كېلىشتى. ئىسمائىل ئەھمەد يەنە نىگېرىيە-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بىلەن كۆرۈشتى، مەملىكىتىمىزنىڭ مالى تەنتەربىيە مەيدانى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىۋاتقان قۇرۇلۇش خادىملىرىنى يوقلىدى ھەمدە نىگېرىيە، مالى مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. ئۈچ دۆلەتكە قىلغان بۇ نۆۋەتتىكى زىيارەت ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىش، دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئالدىن مۆلچەرلەنگەن مەقسەتكە يەتتى.

(لى خۇاشىن)

# 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 1999-يىل 5-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە بېيجىڭدا 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، 1995-يىلى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرغانىدى، شۇنىڭدىن بۇيان ھەر ئىككى يىلدا بىر نۆۋەتتىن مەملىكەتلىك مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتلىك مۇسابىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسدا ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەت بويىچە 29 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى تاللاپ كۆرسەتكەن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، سالار، دۇڭشياڭ، زاڭزۇدىن ئىبارەت بەش مىللەتتىن تەركىب تاپقان 105 نەپەر قارىي ۋە قارىيە (91 نەپەر قارىي، 14 نەپەر قارىيە) بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقە ئۈچۈن دەسلەپكى باھالاپ تاللاشقا قاتناشتۇرۇلغانىدى. مۇناسىۋەتلىك ئۆلىما-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەستايىدىل ئاڭلاپ باھالاپ چىقىشى ئارقىلىق، ئۇلاردىن 42 نەپەر قارىي ۋە قارىيە(35 نەپەر قارىي، يەتتە نەپەر قارىيە) تاللىنىپ، بۇ نۆۋەت بېيجىڭدا ئۇيۇشتۇرۇلغان مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىغە قاتناشتى، ئۇلاردىن سىرت، بىر قىسىم جايلار ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاخۇنلاردىن تەكلىپكە بىنائەن مۇسابىقىنى ئاڭلاشقا ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى. مۇسابىقە قاتناشچىلىرى ئەرلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاياللار گۇرۇپپىسىغا بۆلۈندى. ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەنگەندىن كېيىن، 5-ئاينىڭ 11-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ زالىدا مۇسابىقە سۈرلۈك كەيپىيات ئىچىدە باشلاندى، 1-باسقۇچلۇق ۋە 2-باسقۇچلۇق تاللىنىشلار ئارقىلىق بەش نەپەر قارىي ۋە ئىككى نەپەر قارىيە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىغە كىردى.

5-ئاينىڭ 14-كۈنى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ۋە مۇسابىقە ئاياغلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ شۇشياڭ، 1-مەھكىمىنىڭ باشلىقى شۈەي فېڭ، ئىسلام باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاۋ جەنجېڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خا جىنچى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن ھەمدە سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئىران، كۇۋەيت، ئومان، تۇنىس، لىۋىيە، ھىندونېزىيە، يەمەن، سۇدان قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋە كونسۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن مۇسابىقىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى، شۇنداقلا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بارلىق خادىملىرى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى ھەمدە بېيجىڭ شەھىرىدىن ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن بىر قىسىم مۇسۇلمانلارمۇ قاتناشتى.

ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ئارقىلىق جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى ما ۋېنمىڭ (شىنجاڭلىق خۇيزۇ)، شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى ئابدۇشۇكۇر قارىي (قارامايلىق قارىي)، يۈننەنلىك ناشىگاڭ ئاخۇنلار ئەرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىلىكنى ئالدى. شەنشىلىك قارىيە كۇڭ لىجۈەن، نىڭشالىق

قارىيە دىك ئەيشالار ئايالىلار گۇرۇپپىسى بويىچە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بولدى. ئەرلەر گۇرۇپپىسىدىكى 34 قارىي ئىچىدە شىنجاڭلىق قارىيلاردىن يەنە خالىق ئابدۇرەھىم قارىي بەشىنچىلىكنى، مەمتىمىن سېيىت قارىي سەككىزىنچىلىكنى، ئەن شۆلىن قارىي 10-چىلىكنى، سىراجىدىن قارىي 11-چىلىكنى، هامۇت ياسىن قارىي 13-چىلىكنى ۋە ئوسمان مۇھەممەت قارىي 16-چىلىكنى ئېلىپ، شىنجاڭ قارىيلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىغە قاتناشقان قارىيلارنىڭ سەۋىيىسى ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتتىكىدىن ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى بولدى. دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى نەتىجىگە ئېرىشكەن ۋە مۇسابىقىغە قاتناشقان قارىيلارغا گۇۋاھنامە، مۇكاپات لوڭقىسى ۋە مۇكاپات سوممىسى تارقىتىپ بەردى. ئىران، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئومانلارنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىمۇ نەتىجىگە ئېرىشكەن قارىيلارغا خاتىرە بۇيۇم ياكى مۇكاپات سوممىسى تەقدىم قىلدى.

مۇسابىقە ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن خۇلاسە نۇتقى سۆزلەپ، بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن ۋە ئۇنىڭغا يار-يۆلەكتە بولغان دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، يەرلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن تەشەككۈر ئېيتتى.

«خەلق گېزىتى»نىڭ چەت ئەل نۇسخىسى، «جۇڭگو گېزىتى» ، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ۋە جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئەھۋالىدىن خەۋەر بەردى.

## ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر

1. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: **تۇردى ئەلى** 200 يۈەن
2. قاراماي شەھىرىدىن: **خۇرشىدە تۇردى** 145 يۈەن
3. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: **ئەمەر قاسىم** 100 يۈەن
4. قەشقەر شەھىرىدىن: **بۇخېلچە هاجى مەمەتنىياز** 100 يۈەن
5. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: **ھەجەر سابىت** 75 يۈەن
6. توققۇزتارا ناھىيىسىدىن: **سېيىت ئەلى** 50 يۈەن
7. غۇلجا شەھىرىدىن: **شەۋكەت مەخمۇت** 50 يۈەن
8. يەكەن ناھىيىسىدىن: **ھېبىبۇللا قادىر هاجى** 50 يۈەن
9. يەكەن ناھىيىسىدىن: **ئايتىۋاخان هاجىم** 50 يۈەن
10. ئاتۇش شەھىرىدىن: **پاتىگۈل تۇردى** 30 يۈەن
11. تۇرپان شەھىرىدىن: **مېھرىيە ئەبەيدۇللا** 30 يۈەن
12. تۇرپان شەھىرىدىن: **ئابلەت پەتتار** 30 يۈەن
13. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: **هاۋانىسا مەخسۇت** 30 يۈەن
14. گۇما ناھىيىسىدىن: **خالىس ئىئانىچى** 20 يۈەن
15. چىڭگىل ناھىيىسىدىن: **تۇركىيە** 15 يۈەن
16. نىلقا ناھىيىسىدىن: **مۇھەممەتجان قادىر** 15 يۈەن
17. غۇلجا شەھىرىدىن: **خالىس ئىئانىچى** 15 يۈەن

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

### مەرھۇم جاپپار ئەمەتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى نەزىرگە ئاتىغان 5000 يۈەننى يېتىملار مەكتىپىگە ئىئانە قىلدى

ئاتاقلىق شائىر، تەتقىقاتچى، پېشقەدەم مۇھەررىر مەرھۇم جاپپار ئەمەتنىڭ ئايالى زۆھرە قۇربان ۋە ئوغۇللىرى ئىلھام جاپپار قاتارلىق تۆت پەرزەنتى مەرھۇمنىڭ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش، مائارىپنى قوللاش ۋە ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئارزۇسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ نەزىرىگە ئاتىغان 5000 يۈەن پۇلنى قاراقاش ناھىيىلىك يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەكتىپىگە ئىئانە قىلدى ۋە مەرھۇمنىڭ كەنجى ئوغلى ئۆركەش جاپپار مۇنداق دېدى: ”مەن بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى قاراقاش ناھىيىلىك يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەكتىپىنى زىيارەت قىلغان، ئۇ يەردە 150 نەچچە يېتىم بالا تەربىيىلىنىدۇ، نەزىرگە ئاتىغان بۇ ئازغىنا پۇلىمىز ئاشۇ يېتىم بالىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىنسا، بۇ بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەزىر ئۆتكۈزگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.“

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# ئىنسانلار ئەمگەكچان ۋە ئىجادكار بولۇشى لازىم

—— «قۇرئان كەرىم» دىن ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر

ۋاڭ خۇڭبۇ، مى شۇجياڭ

«قۇرئان كەرىم» ۋە "ھەدىس شەرىپ"نىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۇزاق مۇددەتلىك، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئەمگەك، ئىجادىيەتلەر بىلەن باغلىنىپ تۇرۇشى كېرەك، ئاللاتائالا ئىنساننى ۋە تەبىئەتنى ياراتقان، ئىنسان تەبىئەت دۇنياسى ئىچىدە ئەمگەك قىلىدۇ، ھايات كەچۈرىدۇ، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى ۋە ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؛ ئەمگەكچان ۋە ئىجادكار بولغان ئىنسان جەمئىيەت ئۈچۈن، باشقىلار ئۈچۈن، ئەۋلادلار ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلىش ئارقىلىقلا ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتلىك جەننەتكە مۇشەررەپ بولىدۇ.

## ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئەمگەك قىلىش كېرەك

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ تارىخىي پائالىيىتى داۋامىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان شۇنداقلا باشتىن-ئاخىر بولىدىغان پائالىيەت ئۈزلۈكسىز ھالدىكى ئەمگەك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ۋە كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدۇر. «قۇرئان كەرىم» دە، ئەمگەك ۋە ئەمەلىيەتنىڭ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، ئەمگەك ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان كىشىلەر ئەمەللىرى ئەڭ ساغلام، ئاللاغا ئەڭ تەقۋادار، شۇ سەۋەبلىك ئاللانىڭ ئەڭ ياخشى ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدىغان كىشىلەردۇر. بىز ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇرمۇش جەھەتتە قىلغان ئەمەلىيەتلىرىگە مۇنداقلا بىر نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئەمگەك قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئىسلام دىنى تارازىسىدا نەقەدەر مۇھىم سالماقتا ئىكەنلىكىنى بايقىۋالالايمىز. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمە ياساش ئەمەلىيىتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن؛ داۋۇد ئەلەيھىسسالام پولات تاۋلاش ئەمەلىيىتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن؛ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەدىمىي كەئبىنى بىنا قىلىش ئەمەلىيىتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرەت ئەلى بىر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيىدە ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ تۈگەپ قالغانلىقىنى بايقىغان، بۇ چاغدا، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئوزۇق-تۈلۈك تەلەپ قىلماستىن، بەلكى ئۆزى يالغۇز مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا چىقىپ ئىش ئىزدەپ، بۇ ئارقىلىق ئائىلىسىنىڭ تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولغان. شۇ چاغدا، ئەلى كېسەك قۇيدۇرماقچى بولغان بىر ئايالغا يولۇقۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا سۇ توشۇپ، لاي ئېتىپ بەرگەن، ئۇ ئايال ئىش ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نۇرغۇن خورما بەرگەن. ئەلى خورمىلارنى ئېلىپ، مەسچىتكە كېلىپ، بۇ ئىشلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەرگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ئەلىدىن ناھايىتى رازى بولغان ۋە بىرنەچچە تال خورمىغا ئېغىز تەگكەن. بۇ ۋەقە، ئىسلام دىنىنىڭ ئەمگەك قىممەت قارىشىنى ئىسپاتلاشتا ئالاھىدە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولغان ھەزرەت ئەلىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىشى بىلەن، بىر ئاددىي ئايالنىڭ ئىشلەمچىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكىنى ئۆزى قامدىغانلىقى ئەمگەكنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىگە نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى-ھە!

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمگەك قىلىشنى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاشنى ئەزەلدىن ناھايىتى

شەرەپلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىش، دەپ قارايتتى، ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈشكە، تىرىشىپ ئەمەلىي ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆزى باشلامچى بولۇپ، جىسمانىي ئەمگەكلەرگە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە ياراتتى. قۇبا مەسچىتى ۋە مەدىنە مەسچىتىنى سالغان چاغدا، ئۇ ئالاھىدە ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ تاشلارنى يۆدۈپ، قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان جايغا ئاپارغان، شۇ چاغدا، بىر مۆمىن كىشى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، سىزنىڭ تېشىگىزنى مەن توشۇۋېتەي دېگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىپ: "بېرىپ باشقىلارغا ياردەملەشكىن! مەن ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنى سەندىن بەكرەك ئارزۇ قىلىمەن" دېگەن.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەقىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەر— كائىناتتا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان غايەت زور ئاسمان جىسىملىرىدىن تارتىپ، تۆشۈكلەردە قىمىرلىشىپ يۈرۈيدىغان كىچىككىچىك چۆمۈلىلەرگىچە ھەممىسى توختىماستىن پائالىيەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئاللا ياراتقان بارلىق مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئەڭ چېچەن بولغان ئىنسان ئۆزىنىڭ پائالىيىتىگە تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى ئاللاغا ئۆزىنى ئاتاشتۇر، ۋەھالەنكى، ئاللاغا ئۆزىنى ئەڭ ئەمەلىي ئاتاش بولسا جاپاغا چىداپ خىزمەت قىلىش، ئەمگەك قىلىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق بىر ھەدىس شەرىپى بار: **"مۇبادا قىيامەت قايىم بولغان كۈنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ قولىدا خورما دەرىخىنىڭ كۆچىتى بولسا، ئۇ كىشى بۇ كۆچەتنى تىكىشكە ئۈلگۈرسە، ئۇنى بۇ كۆچەتنى تىكىشكە دالالەت قىلىش كېرەك، بۇ كىشى بۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشىلىك ساۋاب ئالىدۇ"**. بۇ ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ھاياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ قولىدىكى كۆچەتنى تىكىۋېتىشكە رىغبەتلەندۈرگەن. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، كىشىلەردە مادارى بار چاغدا، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى بىر تىنىقى قالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئەمگەك قىلىش ۋە خىزمەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، مەيلى بۇ چاغدىكى خىزمەت ئۇنۇمىنىڭ قانداق بولۇشىدىن، بۇ ئەمگەكتىن ئۆزىنىڭ بەھرىمەن بولۇش-بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، تەقۋادار مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئەمگەك قىلىش مەقسىتىنى پەقەت كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە ئېرىشىش بىلەنلا چەكلىۋالماسلىقى ياكى پەقەت ئۆزىنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتى بىلەنلا چەكلىۋالماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئالدىنقىلار كېيىنكىلەر ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى خالىمايدۇ، كېيىنكىلەر ئالدىنقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولالماي، دۇنيا ئىشلىرى بىر پۈتۈنلۈكتىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئىنسانلار ئەۋلادى داۋاملىشالماي قالىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە، بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە، بەزى كىشىلەرنىڭ ئازغۇنلۇقتا پېتىپ قالغانلىقى كۆرسىتىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: **"ئۇلار: 'ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلمەيمىز' دەيدۇ"** (6-سۈرە «ئەنئام»، 29-ئايەت). «قۇرئان كەرىم»نىڭ قارىشىچە، ئازغۇنلارنىڭ بۇ خىل قارىشىدا ئىنسانلار بىلەن باشقا ھايۋانلارنىڭ چەك-چېگرىسى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، ناھايىتى خاتادۇر. مۇبادا ئىنسانلار راستىنلا باشقا ھايۋانلار بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۆلۈش بىلەنلا ھەممە تۈگەيدۇ-دە، ئۇنداقتا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل بولۇش، باتۇرلۇق بىلەن پىداكار بولۇش، خۇشاللىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش ... دەك گۈزەل ئەخلاقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ، جەمئىيەت شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، ئاچكۆزلۈك، يىرگىنىشلىك قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنى ئىنسان ھاياتىنىڭ پەقەتلا بىر ئۆتكۈنچى باسقۇچ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە، ئىنسانلار ئۆمرىدە يالغۇز ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈنلا تىرىشىپ قالماستىن، بەلكى يەنە جەمئىيەت ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت-سائادەت يارىتىشقا ئۈگىتىدۇ. پەقەت توغرا

بولغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تىكلىگەندىلا، ئاندىن ئىنسانلارنىڭ قەلبى گۈزەللىشىدۇ، پاكلىنىشىدۇ؛ كىشىلىك ھاياتنىڭ مەقسىتى ئاندىن ئەڭ ياخشى گەۋدىلىنىدۇ، پۈتكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتى ئاندىن پاكلىنىپ، ئاندىن ساغلام، ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئەمگەك قىلىشنىڭ ناھايىتى زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش كۆز قارىشى دەل مۇشۇ ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىدىن كېيىنكى پاراستى، شۇنداقلا مۇقەررەر تاللىشىدۇر. ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش ھەم ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدىغان، ھەم كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش قابىلىيىتىگە قارىتا خەۋپ يەتكۈزمەيدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسىدۇر. بۇ، ھازىرقى دەۋرىمىزدە، شۇنداقلا ئىنسانلار ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدىغان، كەلگۈسىدىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسى، نۆۋەتتە ئىنسانلارنىڭ يەر شارىدا داۋاملىق ھايات كەچۈرەلىشىدىكى بىردىنبىر يولدۇر. ئۇ ھەم ئىنسانلارنىڭ ئايرىملىقى بىلەن ئومۇمىيلىقىغا، قىسمەن مەنپەئەتى بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەم كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتى بىلەن يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدۇ، شۇڭا ئۇنى ماكان جەھەتتە رايون بىلەن رايون ئارىسىدىكى ئادىل تەرەققىيات پۈرسىتى، زامان جەھەتتە ھازىرقى زامان كىشىلىرى بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئادىل تەرەققىيات پۈرسىتى دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىنسانلار مەنپەئەتى بىر خىل ئومۇمىي مەنپەئەت بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەم كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگىنىمىزدە، بۇ خىل مەنپەئەتنىڭ كەلگۈسى خاراكتېرى ۋە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىش خاراكتېرىنى چوقۇم ئويلىشىمىز كېرەك. ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى بارلىق خەلقنىڭ (جۈملىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ) تۇرمۇش ساپاسىنى ياخشىلاش ۋە ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ماددىي ئېھتىياج، مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئېكولوگىيىلىك ئېھتىياجىمۇ بار. ئۇ ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، ئىسلام دىنى ئالدىنقىلارنىڭ كېيىنكىلەر ئۈچۈن باش قاتۇرۇشىنى، ھازىرقى دۇنيادا ئاخىرەت ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈشىنى تەكىتلەيدۇ، بۇ خىل قاراش "ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات"تا تەشەببۇس قىلىنغان—ئىنسانىيەت مەنپەئەتى ئومۇمىي مەنپەئەت بولۇپ، بۇ خىل مەنپەئەتنىڭ كەلگۈسى خاراكتېرى ۋە ئەۋلادتىن-ئەۋلاد داۋاملىشىش خاراكتېرىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك، دېگەن قارىشى بىلەن ئاجايىپ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ماس كېلىپ قېلىش بولماستىن، بەلكى ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنىڭ روشەن ئىسپاتى بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىياتىدىكى ئاكتىپ ۋە چاقناپ تۇرىدىغان نۇر ھالقىسىدۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: '**(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللا، ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (ئاللا)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللا قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ**' " (9-سۈرە «تەۋبە»، 105-ئايەت). بۇ، بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېتىزى ئىكەنلىكىنى، ئاللانىڭ ئىنسانلارنى بۇ دۇنيانى گۈللەندۈرسۇن ۋە ئىدارە قىلسۇن، دەپ ياراتقانلىقىنى، ئاللانىڭ ئىنسانلارغا بەش ئەزا ۋە ھەر خىل قابىلىيەتلەرنى ئۇنىڭ بىلەن پايدىلىق ئەمەلىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارسۇن

دەپ ئاتا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ھازىرقى تۇرمۇش ئاخىرەتتىكى تۇرمۇش ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ. كىشىلەر ھازىرقى رېئاللىقتا تېرىپ قويغان ھەممە نەرسىدىن چوقۇم ئاخىرەتتە ھوسۇل ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆمۈر ئاخىرلىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ قولدىكى كۆچەتنى تىكىۋېتىش ئاخىرەتتە نۇرغۇن ئىلتىپاتقا ئىگە قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە يەنە، ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى تارىخى پەقەتلا ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئۇ دۇنيا تارىخىنىڭ بىر قىسمى، ھازىرقى تارىخ ئۇ دۇنيا تارىخىغا بويسۇنىدۇ، ئىنسان ئۇ دۇنيادىن بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىنغان، ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم ئۇ دۇنياغا قايتىپ، يېڭى تۇرمۇش جەريانىنى باشلايدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانى ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى نىشانىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى بىر خىل تىرىشچانلىقىدىنلا ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ھازىرقى دەۋر تەرىپىدىن بەلگىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسى تەرىپىدىنمۇ بەلگىلىنىدۇ، بۇ دەل ھازىرقى رېئال تۇرمۇش ئاخىرەت تۇرمۇشى ئۈچۈن ئۇل سالىدۇ دېگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دەۋرىمىزدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات كۆز قارىشىدىمۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى يالغۇز ھازىرقى دەۋر تەرىپىدىن بەلگىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كەلگۈسى تەرىپىدىنمۇ بەلگىلىنىدىغانلىقى تەشەببۇس قىلىنىدۇ، بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات پائالىيىتى ئىلگىرى-كېيىنلىك باغلىنىشچانلىقا ۋە ئىزچىللىققا ئىگە بولىدۇ. ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەرەققىياتى كېيىنكىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. كېيىنكىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئالدىنقىلار تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرىنى (ئىجابى، سەلبىي ئىككى تەرەپتىكى نەتىجىلىرىنى) ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كېيىنكىلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ياشاش ئەھۋالىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر ئالدىنقىلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. ئالدىنقىلارنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۆز بېشىمچىلىقى، خىيالىغا كەلگەننى قىلىشى، ھەرقانداق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئاپەت خاراكتېرلىك تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئالدىنقىلار ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات ھەرىكىتىگە قارىتا چوقۇم مەلۇم تەرتىپ قوللىنىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا، تەرەققىياتنىڭ ئۈزلۈكسىزلىك پرىنسىپىغا بويسۇنۇشقا تىرىشىشى كېرەك. بۇلار ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدىكى بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېتىزى دېگەن كۆز قارىشى بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

### ئىنسانلار ئاللا ياراتقان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى

«قۇرئان كەرىم» نىڭ قارىشىچە، ئاللاتائالا بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان بولۇپ، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، مەڭگۈلۈكتۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممە جايدا مەۋجۇتتۇر، ئۇنىڭ نوپۇزى چەكسىزدۇر، ئەبەدىيدۇر، ئۇ ھەممىنى ياراتقان، ھەممە بەندىنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭ ئىلكىدە، تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇن ھادىسىلەردە، كائىناتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەردە ئۇنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتى نامايانىدۇر. ئاللاتائالا يەر-زېمىننى، تەبىئەت كۈچىنى، ئىنسانلارنى، پەرىشتىلەرنى ياراتقان، جىمىكى مەۋجۇدات ۋە بەندىلەر ئاخىر يەنە ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ "ئاللا ھەممىدىن ئالىي" دەيدىغان بۇ خىل كۆز قارىشى يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيىسى بىلەن ئوخشىمايدۇ. يېقىنقى دەۋردىن بۇيان، پەن-تېخنىكا ۋە سانائەت ئىنشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار غايەت زور قۇدرەتكە ئىگە بولدى. ئىلگىرىكىدەك تەبىئەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا چىداپ تۇرىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، تەبىئەتنى يېڭىش، تەبىئەتكە ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە تەبىئەتنى تىزگىنلەشنى تەشەببۇس قىلىشقا باشلىدى، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ قارىمۇقارشىلىقى ئاساسىدا، ئىنساننىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشى ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولدى. ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تۈپ ماھىيىتى ”تەبىئەتكە قارشى تۇرۇش“تۇر. بۇنداق پەلسەپىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئىنسانلار تەبىئەتنى تىزگىنلەيدىغان پەن-تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، گەرچە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلار ئېلىپ كەلگەن مەسىلىلەرمۇ ئىنسانلارنى ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى.

ئىنسانلارنىڭ نەپسىگە قانماي مەنپەئەت قوغلىشىشى تۈپەيلىدىن تەبىئەت ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە ئارقا-ئارقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئىنسانلار ئۆزلىرىگە بىر قاتار قىيىن مەسىلىلەرنى تېپىۋالدى: كىلىمات ئىسسىپ كەتتى، ئاتموسفېرا قاتلىمى بۇزۇلدى، كىسلاتالىق يامغۇر ياغدى، ئورمانلار ئازايدى، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى بۇزۇلدى، يەرلەر قاقاسلاشتى، يەر شارىدىكى تاتلىق سۇ مەنبەلىرى ئازلاپ كەتتى، ئەخلەتلەر ئاپەتكە ئايلاندى، زەھەرلىك خىمىيىلىك بۇيۇملار بۇلغىنىش پەيدا قىلدى، دېڭىز-ئوكيانلار بۇلغاندى، ۋەھاكازالار. بۇ بىر قاتار قىيىن مەسىلىلەر كەلگۈسىدە دېڭىز يۈزىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، قۇرۇقلۇق يۈزىنىڭ تارىيىپ كېتىشى، قۇياش ئۇلترا بىنەپشە نۇرىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈك، ھايۋاناتلارنىڭ نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدىن، تېرىلغۇ يەر ۋە يايلاقلارنىڭ كۆلىمىنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن، سۇ بايلىقىنىڭ بۇلغىنىشى، كۆللەرنىڭ ئۆلۈك كۆللەرگە ئايلىنىپ كېتىشىدىن دېرەك بەرمەكتە. ھەربىر شەھەرنىڭ ئەخلەت دۆۋىلىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىشى ئاتموسفېرا ۋە دېڭىز-ئوكيانلاردىكى جانلىقلارنىڭ بۇلغىنىشىدىن ۋەھاكازالاردىن خەۋەرلەندۈرمەكتە. بۇ بىر قاتار ئېغىر رېئاللىق ئالدىدا، كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ”ئاللا ھەممىدىن ئالىي، ئاللا مەركەزدۇر“ دېگەن كۆز قارىشىغا قارىتا يېڭىچە تونۇشقا ئىگە بولىدۇ، ئاز دېگەندىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسان مەركەز ئىدىيىسىگە قارشى تۇرىدىغان تەرىپىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ قارىشىچە، ئاللا ئەڭ ئالىي ياراتقۇچىدۇر، شۇنداقلا پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئىگىسىدۇر. تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەخلۇق ۋە مەۋجۇداتلارنى، جۈملىدىن ئىنسان ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئاللا مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ياراتقان. ئىنسان ھەم تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ھەم تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىدۇر. باشقا ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: **”مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋانات بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (يەنى ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر). لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق پۈتتۇق)، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (ئاللا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ)“** (6-سۈرە «ئەنئام»، 38-ئايەت). **”كۆكتىن (بۇلۇتتىن) مۇبارەك سۇنى چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى، ئېگىز ئۆسكەن مېۋىلىرى سانجاق-سانجاق بولۇپ كەتكەن خورمىلارنى ئۆستۈردۇق. (ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن (ئۆستۈردۇق). ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك (يەنى قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈردۇق. ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر“** (50-سۈرە «قاف»، 9—11-ئايەتلەر). بۇ ئىنساننىڭ ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاشلا ئاللانىڭ مەخلۇقاتى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلار بىلەن ماسلىشىش ئاساسىدا بىرلىكتە ياشىشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلام دىنى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە

ئىسلام دىنى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش، ساۋابلىق ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى پۈتۈن زېھنىي بىلەن يېتىلدۈرۈشنى تېخىمۇ بەك تەكىتلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: **"بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ"** (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»، 9-ئايەت). **"ئۇنداق ئەمەس (سىلەرنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرىدۇ)، گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 81-ئايەت). «قۇرئان كەرىم»دە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېيىلگەن: **"كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر..."** (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»، 15-ئايەت). بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، ئىنسانلار بۇ دۇنيادا ياشاش جەريانىدا تىرىشىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى، يامان ئىشلارنى قىلماسلىقى لازىم، شۇندىلا ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشكە شارائىت ھازىرلىيالايدۇ. ساۋابلىق ئىش قىلىش ئىقتىدارى دېگىنىمىز ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ، قىلغان ياخشى ئىشلار قانچە كۆپ بولسا، بۇ خىل ئىقتىدارمۇ شۇنچە مۇكەممەل بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» كىشىلەرگە قەتئىي بوشاشماستىن ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق بىر ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىشقا، ياخشى ئىش قىلىشنى ئۆز ھەرىكىتىگە باشتىن-ئاخىر سىڭدۈرۈپ، ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا ياخشى ئىش قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشنى ئۆز تۇرمۇشىدىكى ئەڭ زور خۇشاللىق دەپ ھېسابلاشقا ئۈندەيدۇ. ئىسلام دىنىدىكى ياخشى ئىش قىلىش ھەرگىزمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قۇرۇق نەزەرىيە ئەمەس، ئۇ ھەم دىنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ھەم ھازىرقى تۇرمۇشنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇنلاشقان.

«قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنىشىچە، ياخشىلىق ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. ئۇنىڭ بىر خىلى تار مەنىدىكى ياخشىلىق بولۇپ، بۇ ئالاھىدە ھالدىكى ياخشىلىقنى، ياخشى ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئىمانغا مەنسۇپ بولۇپ، ئاساسلىقى "خەير-ئېھسان" ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئەمەلىيىتىدۇر. كەڭ مەنىدىكى ياخشىلىق بولسا "كامالى ياخشىلىق"، "ئالىي ياخشىلىق" بولۇپ، ئىمان بىلەن ياخشىلىقنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دىكى ياخشىلىق، يامانلىق كەڭ مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىدىيە سىستېمىسى"ياخشى، يامانلىق"تىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئىدىيە مەزمۇنى دەل "ياخشىلىقنى مۇكاپاتلاپ، يامانلىقنى جازالاش"نىڭ باش تېمىسىدۇر. بۇنىڭدىكى ياخشىلىق "ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش"تىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ: **"ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەت ئەھلىدۇر".**

يۇقىرىقىلاردىن بىز شۇنى كۆرەلەيمىزكى، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن بۇ دۇنيادا ئۇ دۇنيانى ئويلاشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن توختىماي تىرمىشىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، بەلكى خەير-ساخاۋەت قىلىشنى، باشقىلارغا ۋە ئەتراپىتىكى بارلىق جانلىقلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ دوستى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ياراتقان، ئىنسانلار ئۇلارغا مېھرىبانلىق، ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ھەتتا يۇلتۇز، ئاي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم»دە جانلىق نەرسە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. **"يۇلتۇزلار ۋە دەل-دەرەخلەر سەجدە قىلىدۇ (يەنى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ)"** (55-سۈرە «رەھمان»، 6-ئايەت). **"ئاللا سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى (چۈنكى ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقانىدى"** (71-سۈرە «نۇھ»، 17-ئايەت). **"ئاللا ھەربىر جانىدارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ،**

ئاللا خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ، ئاللا ھەققەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر“ (24-سۈرە «نۇر»، 45-ئايەت). شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەخلۇقات ۋە ئادەملەر روھقا، ھاياتلىققا ئىگە بولىدۇ، ئادەملەر پەقەتلا بۇنىڭ بىر قىسمى، ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلار بىلەن دوست بولۇشى، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشى لازىمكى، ئۇلارنى ھالاك قىلماسلىقى، بۇلاڭ-تالاڭ قىلماسلىقى، ئۇلارنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرمەسلىكى كېرەك، دەپ ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئىدىيىسى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھەققەتەن ناھايىتى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرقى دەۋردە، كىشىلەرنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئېتىكا ئېڭى ئىنسانلار دائىرىسىدىن تەبىئەت دۇنياسىغا كېڭەيدى، ئىلگىرىكىدەك ئىنسان مەركەزچىلىكىدىن ھالقىپ چىقىپ، يالغۇز ئىنسانلارغا بولغان ئەخلاقنى تەكىتلەپلا قالماي، بەلكى بارلىق جانلىقلار ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا قارىتىلغان ئەخلاقنىمۇ تەكىتلەش لازىم دەپ قارايدىغان بولدى ھەمدە ئەخلاق ئوبيېكتىنىڭ دائىرىسىنى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇناسىۋەتكە كېڭەيتتى؛ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قىممىتى ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھوقۇقىنى تونۇپ يېتىشتىن، يېڭى ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە يولغا قويۇشقا ئۆتتى. بۇ خىل ئەخلاق پرىنسىپلىرى يالغۇز ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتىنىلا مەقسەت قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى مەقسەت قىلغان. خەلقئارالىق مۇھىت ئېتىكاشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئامېرىكا كولورادو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى لورىستون مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”كونا ئېتىكا ئىلمى پەقەتلا بىر خىل ماددا تۈرىنىڭ پاراۋانلىقىنىلا تەكىتلىگەن؛ يېڭى ئېتىكا ئىلمى يەر شارىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنى ھاسىل قىلىۋاتقان ھاياتلىقلارنىڭ نەچچە مىليونلىغان ماددا تۈرىنىڭ پاراۋانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك“، “ئىنسانلار ئەخلاق مۇئامىلىسىگە ئىگە بولىدىغان بىردىنبىر ماددا تۈرى ئىدى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ باراتتى ھەمدە باشقا شەيئىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلاتتى؛ بىر خىل يېڭى ئېتىكا ئىلمىي ھاياتلىقلارغا بولغان ھۆرمەتنى ئاشۇردى“. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: ”يەر شارى تەبىئىي ھالدا ئىچكى قىممەتكە ئىگە“، ”يەر شارى ئىنسانلارنىڭ مال-مۈلكى بولماستىن، بەلكى بىر ئورگانىك ئورتاق گەۋدە، ھاياتلىقنىڭ ماكانىدۇر، يەر شارى بىزگە مەنسۇپ ئەمەس، ئەكسىچە بىز يەر شارىغا مەنسۇپ“. بىز ئىنسانلارمۇ ۋە باشقا جانلىقلارمۇ بىر ئائىلىدە ياشايمىز.

مەسىلەن، ئېتىكا ئىلمىنىڭ ”ئادىللىق“ كاتېگورىيىسى—كونا ئېتىكا ئېڭىدا پەقەت بىر خىللا مەنىدە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى، قىممىتى ۋە ئىززەت-ئابرۇيىنى ئېتىراپ قىلىش، مەنپەئەت ۋە مەجبۇرىيەتنى مۇۋاپىق تەقسىملەش، باراۋەرلىككە ئەمەل قىلىش ئاساسىدىكى ئەركىنلىك دېموكراتىيە پرىنسىپى ئىدى، ئۇ كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئادىللىقنى جۈملىدىن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئادىللىق، جەمئىيەت ئادىللىقى ۋە خەلقئارالىق ئادىللىقنى كۆرسىتەتتى. ئىچكىرى قاتلاملىق مۇھىت ئېتىكا ئېڭى بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىجتىمائىي ئادىللىقلارنى ئېتىراپ قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئادىللىقنى يەنى باشقىلارغا ئادىل بولۇش، ئەۋلادلارغا ئادىل بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جانلىقلار ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا ئادىل بولۇشنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشىدۇر. ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلار بىلەن دوست بولۇش، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش ئىدىيىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھازىرقى زامان ئېتىكا ئېڭى بىلەن ماقام جەھەتتە پەرقلەنسىمۇ ئۈنۈم جەھەتتە نېمىدېگەن

ئوخشاشلىقتا ئىگەھە!

## ئالغا بېسىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، ئىجادچانلىقنى ئالىيجاناب ھېسابلاش

ئىسلام دىنىدا ئىككى ئالەملىك بەخت سائادەت ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىش، كەڭ قورساق بولۇش، مۇتەئەسسىپلىك قىلماي، بىر ئىزدا توختاپ قالماي، ئالغا ئىلگىرىلەشنى خۇشاللىق دەپ، ئىجادچانلىقنى ئالىيجانابلىق دەپ بىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار بۇ دۇنيادا ياشىغان ئىكەن، ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، پانىي ئالەمدە قانداق ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئىنسانلارنى ئاستا-ئاستا ھەقىقەت يولىغا يېتەكلەپ، بۇ ئالەمنى مۇكەممەللەشكەن مەنزىلگە قاراپ يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك. بۇ، بەزى دىنلارنىڭ پەقەت "ئاخىرەتلىك دۇنيادىلا بەختلىك تۇرمۇش بولىدۇ"غانلىقنى ئېتىراپ قىلىپ، ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى ئىنكار قىلىدىغان، بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلىك ھاياتىغا پايدىلىق بولغان جاھاندارچىلىق ئىشلىرىنى قىلىشنى رەت قىلىدىغان تەشەببۇسلىرىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. بۇ جەھەتتە، ئىسلام دىنىدا، بۇ دۇنيادىكى تاكامۇلسىزلىقىمىزنى ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قارىلىدۇ، شۇڭا، ئىسلام دىنى كىشىلەردىن كىشىلىك ھاياتلىقنى ياخشىلاپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشنى، كۆپچىلىكنىڭ كىشىلىك ھاياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرۈپ، جىمى ھاياتلىقنى بۇ پانىي ئالەمدە چەكسىز بەخت-سائادەتكە مۇۋەپپەق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ جانلىق ۋە ئالاھىدە ئۇسۇلى ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنى تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆز غايىلىرىنى بۇ دۇنيادىكى تىرىشچانلىقلىرى ئۈستىگە تىكلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ، **"لېكىن، پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى، ئەنە شۇلار (ئىككىلا دۇنيانىڭ) ياخشىلىقلىرىغا نائىل بولىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر. ئاللا ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر"**(9-سۈرە «تەۋبە»، 88—89-ئايەتلەر). تىرىشچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كىشىلەر ئاللانىڭ ماختىشىغا ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ، ئاللاتائالا ئۇلار ئۈچۈن بەختلىك ياشايدىغان جەننەتنى ھازىرلىغان. **"كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (ئاللانىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ"** (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»، 19-ئايەت). بۇ ئايەتتە تىرىشچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دىنىنىڭ ئالغا بېسىشقا ئىنتىلىش روھى يەنە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى داۋامىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنىڭ جاھاندارچىلىق تۇرمۇشىدىكى بارلىق ھەرىكەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. بۇنداق بۇ دۇنيادا تىرىشىپ تىرمىشىش ئىدىيىسى ھەتتا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان، ئىجتىھاتچانلىق بىلەن تىرىشىدىغان بىر خىل تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئەڭ ئاخىردا ئالاھىدە بىر خىل تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ، ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك جاپا-مۇشەققەتكە چىدايدىغان ئەمگەكچانلىق مىجەزىنى يېتىلدۈرگەن. مۆمىن مۇسۇلمانلاردىن، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، مەيلى ئىمام ياكى جامائەت بولسۇن، كۈن پىشىم بولغۇچە ئۇخلايدىغانلىرى يوق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەھەردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئۆتەيدۇ، پىشىرغىرىم ئاپتاپلىق ياز پەسلىدە بولسۇن ياكى قەھرىتان سوغۇقلۇق قىش پەسلىدە بولسۇن، ئۇلار بۇ ئادىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. پەقەت مەسچىتتىن چىققان ئەزان ئاۋازىنىلا ئاڭلايدىكەن، گەرچە كۈن يورۇمىغان بولسىمۇ، ناھايىتى تېزلىكتە

www.uyghurkitap.com

ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يۇيۇنۇپ-تارىنىپ، ناماز ئۆتەش ئۈچۈن مەسچىتكە ماڭىدۇ، كۈنمۇكۈن، ئايمۇئاي، يىلمۇيىل ھەرگىز ھورۇنلۇق قىلمايدۇ، مۇشۇنداق ئۇزاق مەزگىللىك مەشغۇلات، ئۇلاردا جاپاغا چىدايدىغان تۇرمۇش روھى، تىرىشچان كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، ھورۇنلۇق خاھىشى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، ھەممە كىشىنىڭ قىلىدىغان كەسپى بولىدۇ. ئۇلار جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىقتىن، سودا قىلىش ئۇلار ئەڭ ماھىر بولغان كەسىپكە ئايلانغان. پەقەت مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىكى جاي بولىدىكەن، قاتناش تۈگۈنىدىكى ماگىزىن، مېھمانخانا، ئاشخانىلار تىجارىتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇلار قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «قۇرئان كەرىم» دە تەشەببۇس قىلىنغان ئاكتىپلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتەك كىشىلىك تۇرمۇش تۇغرىسىدىكى نەسىھەتلەردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. تىرىشچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز دەيدىكەنمىز، مۇقەررەر ھالدا، كەشىپ قىلىشىمىز، ئىجاد قىلىشىمىز كېرەك. «قۇرئان كەرىم» دە ئىلىم-پەن كەشپىياتى جەھەتتىمۇ تەپسىلىي بايانلار بار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى يەتكۈزۈش پائالىيىتى يۈكسەك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ۋاقىتتا، ئەرەبلەر ۋەكىللىكىدىكى مۇسۇلمان ئالىملار ئىلىم-پەن جەھەتتىمۇ ئىجادىي خاراكتېرلىك تۆھپىلەرنى ياراتقان. بولۇپمۇ ئۇزاققا سوزۇلغان ئوتتۇرا ئەسىردە، ئىلىم-پەن غەربتە بىدئەتچىلىك دەپ قارىلىۋاتقان چاغدا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىلىم ئېلىش ھەققىدىكى تەلىملىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان كەڭ مۇسۇلمان ئالىملىرى، قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ يوقىلىشقا يۈزلەنگەن ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالدى ۋە ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى، ئۇلار ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە ۋە تېبابەتچىلىك قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان كۆپلىگەن ئۇلۇغۋار ئىلمىي كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەرنى قىلىپلا قالماي، شۇنىڭ بىرگە يەنە جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئىلىم-پەندىكى تۆت چوڭ كەشپىياتىنى ئوتتۇرا شەرققە ئېلىپ كىردى ھەمدە غەربكە تونۇشتۇردى. بۇلار ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان ئىلىم-پېنىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى.

مۇسۇلمانلار ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم-پەن مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى. ماتېماتىكا جەھەتتە، ئەرەب رەقەمىنىڭ ھېسابلاشتا ئىشلىتىلىشى تۇرمۇش، خىزمەت ۋە ئىلمىي تەتقىقاتقا ناھايىتى زور قولايلىق يارىتىپ بەردى. ئەينى چاغدا مۇسۇلمانلار گرېتسىيىلىك ئېۋكلىد ۋە پىفاگور ئەسەرلىرىنى ناھايىتى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى، ئەمما ئۇلار گرېتسىيە، رىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەنلا ئۆزلىرىنى چەكلەپ قويماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە تەتقىقات روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ماتېماتىكىنىڭ ھەرقايسى سىستېمىلىرىنى، بولۇپمۇ ئالگېبرا، گېئومېترىيە ۋە تىرىگونومېترىيە مەزمۇنلىرىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى. "ئالگېبرا" دېگەن بۇ سۆز ئەرەب تىلىدىن كەلگەن، يەنە بىر ئاساسلىق ماتېماتىكا ئىلمى بولغان تىرىگونومېترىيىنىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن مۇسۇلمانلار ياراتقان. مۇھەممەد ئىبنى مۇسا (780—850) ھىندى رەقەمى توغرىسىدا ئەسەر يازغان، ئىبنى ھەسەن ئۆزىنىڭ مىلادى 1039-يىلى تاماملىغان ئوپتىكا (نۇرشۇناسلىق) ھەققىدىكى بىر ئەسىرىدە تۆت دەرىجىلىك تەڭلىمىنى يېشىش ئۇسۇلىنى بايان قىلغان، ئۇ يەنە شارسىمان پارابولا شەكلىدىكى ئەينەك ئارقىلىق فىزىكىلىق تەجرىبە قىلىپ، يەر شارى ئاتموسفېرا قاتلىمىنىڭ ئېگىزلىكىنى ھېسابلاپ چىققان. مىلادى 12-ئەسىردە يابىر ئىبنى ئەفۇرا ئۈچ بۇلۇڭنى ناھايىتى توغرا تەتقىق قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان.

فىزىكا ئىلمى جەھەتتە، مۇسۇلمانلار ئاۋۋال قەدىمكى گرېتسىيە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلارنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىشقا باشلىغان. مىلادى 7—8-ئەسىرلەردىلا، ئۇمەييە سۇلالىسى ۋاقتىدا سېلىنغان دەمەشىق مەسچىتى ۋە ئېرۇسالىمدىكى قورام تاشتىن ياسالغان يۇملاق گۈمبەزلىك مەسچىت ھەمدە كېيىنچە ئابباسىيە سۇلالىسىدە ياسالغان جامە

مەسچىت ۋە خان ئوردىسى قاتارلىقلارنىڭ پۈختىلىق دەرىجىسى مېخانىكا ئىلمىي نەزەرىيىسىنى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرگەن. مىلادى 10-ئەسىردە مىسىردىكى قاھىرەلىك مەسئۇد يېزىپ چىققان، ئېنسىكلوپېدىيىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەسەردە شامال كۈچىنى ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇش ھەققىدىكى خاتىرىلەر بار. ئۇ تەسۋىرلىگەن چاقپەلەككە تىك ئايلانما ئوق ۋە كېمە يەلكىنىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يەلكەن ئورنىتىلغان بولۇپ، شامال كۈچى بىلەن چاقپەلەك ئايلاندۇرۇلۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئېتىزلارنى سۇغۇرۇش ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا زۆرۈر بولغان ئېنېرگىيە مەسىلىسى ھەل قىلىنغان. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. مىلادى 11-ئەسىردە، ئوپتىكا ئىلمىنىڭ پېشۋاسى ھېسابلانغان ئىبنى ھەيسەم «ئوپتىكا» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان بولۇپ، لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوخشاش ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئەسەر دەپ قارالغان.

خىمىيە ئىلمى جەھەتتە، ياۋروپالىقلار گېبېر دەپ ئاتىغان ئاتاقلىق مۇسۇلمان خىمىك جابىر ئىبنى ھەييان سۇلفات كىسلاتاسى ۋە ئازوت كىسلاتاسىنىڭ بايقىغۇچىسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، ئەرەب دۇنياسىدىكى رازىس(رازى) مۇ خىمىيە ئىلمىنىڭ پېشۋاسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ كىمىيەگەرلىك ھەققىدىكى مۇھىم ئەسىرى «مەخپىي دەستۇر» لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، خىمىيە ئىلمىي بىلىملىرىنىڭ بىر ئاساسلىق مەنبەسى دەپ قارالغان.

مۇسۇلمانلار يەنە گرېتسىيە ۋە بابىلونىنىڭ ئاسترونومىيە جەھەتتىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئۇلارنى راۋاجلاندۇرغان. دەمەشق رەسەتخانىسى مىلادى 700-يىلى ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ كاتتا مۇراسىمىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن سېلىنغان. بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، ئابباسىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مەئمۇن يەنە مىلادى 829-يىلى باغدات رەسەتخانىسىنى سالدۇرغان. ئىسپانىيىدىكى كوردوۋادا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن غەربىي خەلىپە سۇلالىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا، زەكەرى 1080-يىلى تولدان ئاسترونومىيە جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىپ، مېركۇرىنىڭ ئايلىنىش ئوربىتىسى ئېللىپس شەكىللىك بولىدۇ دېگەن كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پتولېمېينىڭ ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەن.

تېبابەتچىلىك ئىلمى جەھەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى گەۋدىلىك. مىلادى 865-يىلى پېرسىيىدە (ئىراندا) تۇغۇلۇپ، كېيىن باغدادتا ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولغان رازى (ياۋروپا تارىخىدا ئۇنى رازىس دەپ ئاتىغان) تېبابەتچىلىك ئىلمىدا كامالەتكە يەتكەن، كاتتا شۆھرەتكە ئېرىشكەن ئالىم بولۇپ، ئۇ «ئۇنىۋېرسال تېبابەتچىلىك» دېگەن ئون توملۇق ئەسەرنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر مىلادى 10-ئەسىرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەڭ داڭلىق مېدىتسىنا ماتېرىيالى بولۇپ قالغان. بۇ ئەسەر رازى بىلەن تەڭ شۆھرەت قازانغان ئاتاقلىق پارس تېۋىپى ئابباساد دەھۋىيەنىڭ ئۇنىۋېرسال قامۇسى بىلەن بىللە ئەينى ۋاقىتتىكى مېدىتسىنا خادىملىرىنىڭ يېنىدىن ئايرىمايدىغان قوللانمىسىغا ئايلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارالىق داڭلىق تېۋىپ ئاۋىسېنا (يەنى ئىبنى سىنا، (980—1037) يازغان «ئەل قانۇن» ئەرەب تىلىدىكى نادىر مېدىتسىنا ئەسىرى دېگەن باھاغا ئېرىشكەن. ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تېبابەتچىلىككە دائىر ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىنىڭ سانىلا 400 تۈردىن ئاشىدۇ.

ئومۇمەن، مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تىرىشچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، پەن-تېخنىكىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىجادىيەت، كەشپىياتلارنى قىلغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئۇلۇغۋار تۆھپىلەرنى قوشقان.

**(تەرجىمە قىلغۇچى: قەيسەر قۇربان؛ تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# ئىسلام دىنىنىڭ بايلىق قارىشى توغرىسىدا

ئابدۇلئەھەت سىدىق

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

بۈيۈك شانۇشەۋكەتلىك ئىسلام دىنىمىزدىكى بايلىق قارىشى (پۇل-مال قارىشى) ئەمەلىيەتتە «قۇرئان كەرىم» دىكى ئىنسان مەئىشتى، پاراۋانلىقى توغرىسىدا نازىل قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئاللىقاچان ئايدىڭلىشىپ بولغان بىر مەسىلە. ئىسلام دىنى بايلىقنى چەتكە قاقماستىن، بەلكى زېمىندىكى بايلىق مەنبەلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ مەئىشتى ئۈچۈن يارىتىلغان دەپ قاراپ، ئىنسانلارنىڭ خالىس نىيەت بىلەن ھالال تەر ئاققۇزۇپ، مېھنەت قىلىپ، ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ئاشۇ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ، ھەر خىل ھۈنەر-كەسىپلەر ئارقىلىق بايلىق يارىتىپ، بۇ دۇنيالىق مەئىشتى ئۈچۈن ۋە ئاخىرەتلىك ساۋابلىق ئىشلار ئۈچۈن سەرپ ئېتىشنى بېكىتكەن. ھەتتا ئاللانىڭ دۇنيانىڭ ئاۋاتلىقنى (دۇنيانى گۈللەندۈرۈشنى) بەندىلەرگە ۋەسىلە قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى ئىسلام دىنىمىزنىڭ بايلىق قارىشىنىڭ ئېنىق، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەلىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاللا «قۇرئان كەرىم» دە شۇنداق دەيدۇ: **"ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ) ئاللانىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار. مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللانى كۆپ ياد ئېتىڭلار"** (62-سۈرە «جۇمۇئە»، 10-ئايەت). پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ يېگەن تامىقى ئەڭ ھالال تاماقتۇر"**. زور كۆپچىلىك مۇسۇلمان كامىللىرىمىزنىڭ ئىدىيىسى، كۆز قارىشى «قۇرئان كەرىم» دىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ ھۆكۈمى بىلەن بىردەك بولغان بولسىمۇ، ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلىرىمىز ئارىسىدا تارىختىن بېرى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىككى خىل ناتوغرا ئەھۋال داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى، بەزىلەر پۇل-بايلىقنى توغرا ۋاستە ۋە ئۇسۇل بىلەن تاپماستىن ئىسلامدا ھارام قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى پۇل-بايلىق تېپىشنىڭ يولى قىلىۋېلىش ھەم تاپقان پۇل-ماللىرىنى بۇ دۇنيا مەئىشتى ئۈچۈن ۋە ئاخىرەتلىك ساۋابلىق ئىشلا، ئۈچۈن ئىشلەتمەستىن ھارام بىدئەت ئىشلارغ ئىشلىتىش، قىسقىسى، پۇل-مال تېپىشتىكى يېتەكچى ئىدىيە ئايدىڭ، ئىشلىتىش نىشانى توغرا بولماسلىقتىن ئىبارەت. يەنە بىرى، بەزىلەر پۇل-بايلىق "ئەڭ يىرگىنىشلىك نەرسە"، "بايلىق ۋەسۋەسى بەندىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئاللاغا بولغان مۇھەببىتىنى سۇسلاشتۇرىدۇ"، "بايلىق ئىنساننى ھەق يولدىن چەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ" دېگەندەك سەپسەتىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، نۇرغۇن پايدىلىق پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، نادانلىق، ھۇرۇنلۇق، قاشاشاڭلىق پاتقىقىغا پېتىپ، نامراتلىق-غۇربەتچىلىك ئىچىدە ياشاپ كەلدى.

ھازىر كۆپچىلىك مۇسۇلمانلىرىمىز بېيىش يولىغا مېڭىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلەتمەكتە. لېكىن يەنىلا بۇنىڭ ئەكسىچە ئىسلام دىنىمىزنىڭ بايلىق قارىشىغا بولغان تونۇشى

يېتەرلىك بولماسلىق سەۋەبىدىن باي بولۇشقا ئىنتىلمەيدىغان، ئىزدىنىش روھى يوق، سىرىقتال تۇرمۇشقا قانائەتلىنىپ ئۆتۈۋاتقان مۇسۇلمانلىرىمىز ھېلىھەم مەۋجۇت. ئۇلار شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، بايلىق ئىنسان ھاياتىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئەڭ زور كاپالىتى. ئىنساننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى پۇل-مالدىن ئىبارەت كونكرېت ۋاستىدىن ئايرىلالمايدۇ. جانابى ئاللا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **"ئاللا سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 275-ئايەت). پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام **"بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىشقىن، خۇددى مەڭگۇ ئۆلمەيدىغاندەك؛ ئۇ دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىشقىن خۇددى ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك"** دېگەنىدى. ئىسلام دىنىمىز بايلىقنى چەتكە قېقىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ھالالدىن پۇل-مال تېپىپ بېيىشنى ئەڭ شەرەپ دەپ بىلىدۇ، ئاللانىڭ بۇيرۇغان پەرزلىرىنى ياخشى ئادا قىلىش، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىنى ئىجرا قىلىش شەرتى ئاستىدا باياشات ياشاشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە، بايلىقنى قانداق يارىتىش نېمىگە سەرپ قىلىش، پۇل-مالنى قانداق تېپىپ، قانداق ئىشلارغا ئىشلىتىشكە ھەممىدىن بەك دىققەت قىلىدۇ. ھارامنى تەرك ئېتىپ ھالاللىق بىلەن ياشاشنى ھاياتنىڭ مىزانى قىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان "ھارام" ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا، ھاياتىغا، پۇل-مېلىغا (يەنى مەنپەئىتىگە) كىشىلىك ئىززەت-ھۆرمىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىستېمالدىكى ماددىي نەرسىلەرگە، سۆز-ھەرىكەتلەرگە قارىتىلغان.

ئىستېمالدا: ھالال دەپ بېكىتىلگەن ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنىڭ زەبى قىلىنماي (بېلىقتىن باشقىسى) ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ قالغانلىرىنىڭ گۆشلىرى، چىرىگەن سۇ، مېۋە-چېۋە، تاماكا ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەر، ھاراق قاتارلىقلار؛ سۆز-ھەرىكەتلەردىن: قاتىللىق، قىمارۋازلىق، زىناخورلۇق، جازانىخورلۇق، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، تۆھمەتخورلۇق، غەيۋەت-شىكايەت، ئىسراپخورلۇق قاتارلىقلار ئىسلام دىنىمىزدا ھارام دەپ بېكىتىلگەن.

ئاللا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"(ئى مۆمىنلەر!) ئاللا سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركى دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزۈڭلارغا) ھارام قىلماڭلار، (ئاللا بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللا چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ"** (5-سۈرە «مائىدە»، 87-ئايەت). ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرى ئەسلىدە ھۈنەر-سەنئەتتە، سودا-سېتىقتا دۇنياغا داڭلىق ئىدى. ئىسلام دىنىمىزنىڭ بايلىق قارىشىنى توغرا ئىگەللىگەن كۆپچىلىك مۇسۇلمانلىرىمىز تارىختىن بۇيان سودا دائىرىسىنى شەرقتە شەرقىي دېڭىز ساھىلىدىن قەدىمىي يىپەك يولى ئارقىلىق غەربتە ياۋروپاغىچە كېڭەيتكەن. بۈگۈنكى كۈندە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلىرىمىز ئىسلاھاتقا ماسلىشىپ، بازار ئىگىلىكىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ يېڭى كەيپىيات، قەيسەر ئىرادە بىلەن قەدەمنى چوڭ ئېلىپ، سودا-تىجارەت دائىرىسىنى چەت ئەللەرگە كېڭەيتمەكتە، جاپالىق ئىزدىنىپ، بۇ دۇنيالىق گۈزەل ھاياتنىڭ پارلاق ئەتىسىنى يارىتىش يولىدا كۈرەش قىلماقتا، تەۋھىدنى توغرىلاپ، پاك ئەقىدە-ئىخلاس، ساغلام ئەقىل-ئىدراك بىلەن ھالال مېھنەت قىلىپ بايلىق يارىتىپ، بېيىغاندىن كېيىن «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىلگەن ئاللا بۇيرۇغان پەرز-ھەقلەرنى ئادا قىلىپ، پۇل-ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى جەمئىيەت پاراۋانلىقى، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق خالىس-ساۋابلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، ئەلنىڭ ئالقىشىغا، ئاللانىڭ ساۋابىغا ئېرىشمەكتە. ئاللا مەقبۇل قىلسا بۇ ساخاۋەتلىك ئىشلار بۇ دۇنيا ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاخىرەت ئېتىزىغا مەڭگۈلۈك گۈل ئۇرۇقى چاچقۇسىدۇر. لېكىن ئىمان ئېتىقادى مۇستەھكەم، ئەقىدىسى ساغلام بولمىغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ بايلىق-پۇل قارىشى خاتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار پۇل-بايلىق جەھەتتە زىيادە ھېرىس، ئاچكۆز، بېخىل بولۇپ، قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، پۇل تېپىش يولىدا چېپىشماقتا، ھارامدىن پۇل تېپىپ كىبىر پەيدا قىلىپ، پۇلنى ئۆز قېرىنداشلىرىنى چىرىتىش، زەھەرلەش، ئىرادىسى ئاجىز خانىم-قىزلارنى ئازدۇرۇش، ئەھلى ئائىللىرىنى خورلاش، پەرزەنتلىرىنىڭ بەختىنى نابۇت قىلىشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرماقتا. ئاللا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ”(ئى مۆمىنلەر!) **ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر**“ (5-سۈرە «مائىدە»، 90-ئايەت). ئاللا يەنە: ”**بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار. بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار**“(2-سۈرە «بەقەرە»، 188-ئايەت) دېگەن. ئەمما ئۇلار پۇل-مالنى ھەممىنى ھەل قىلىدىغان نەرسە دەپ قاراپ، ھەر خىل ”قائىدە-يوسۇن“لار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھارام بايلىقىنى كۆز-كۆز قىلماقتا، ”تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش“، ”ۋېچىركا“، ”بۆشۈك تويى“، ”خەتنە تويى“، ”ئۆي چېيى“، ئارتۇقچە نەزىر-چىراغ قاتارلىقلارغا نەچچە مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ پۇل سەرپ قىلىشقا چىدايدۇكى، ئەمما ئاجىز-مىسكىن قېرىنداشلىرىغا خىش-ئەقرىبالىرىغا، قولۇم-قوشنىلىرىغا 100 يۈەن چاغلىق ئېھسان قىلىشقا چىدىمايدۇ. نائىلاج بىرىشكە توغرا كېلىپ قالسا، باشقىلارغا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، باشقىلارغا كۆرسىتىپ بەرگەندە بەرمىگەنلەر بەرگەنلەردىن ئۆگىنىپ بېرىدىغان بولارمىش! (بۇنىڭ تېگىدە يەنە قانچە مۇددىئالارنىڭ بارلىقىنى كىم بىلسۇن!) بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك، يوقسۇزلارغا ئازار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانلىق. مۇنداق ئېھساننىڭ ساۋابى قانچىلىك بولار. يەنە كېلىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدىن بۇ خىل ”ساخاۋەتچىلەر“نىڭ مەغرۇر قىياپەت، پەخىرلىك ھېسسىيات بىلەن، چىرايلىرى تاتارغان، ئۇستى-بېشى يىلىڭ بىچارىلەرچە بويۇن قىسىپ تۇرغان نامراتلارغا ”ئىللىقلىق“، ”مېھىر-شەپقەت“ يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمىز. تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ ”ساخاۋەتچىلەر“ مەغرۇرلىنىشقا ھەقلىقمۇ؟ ئۇلار ئاللانىڭ ھەقلىرىنى قانچىلىك ئادا قىلالىدى؟ ئاشۇ يوقسۇل قېرىنداشلىرى ئالدىدىكى تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى زادى قانچىلىك ئادا قىلدى؟ ئۇ بىچارە يوقسۇللار نومۇس كۈچىدىن قانچىلىك ئازابلانغاندۇ-ھە؟ بىراق نامراتلىق ھەممىدىن يامان، ئۇلار ئىلاجىسىزدە. ئاشۇ بايلار قولىدىكى پۇل-مال ئاللانىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋاقىتلىق ئامانىتى. ”ھاكىم“، ”باشلىقلار“ ئاللا بەندىلەرنى بېتەكلەشكە، قوغداشقا بېكىتكەن سەركەردىلەردۇر. ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى شۇ قەدەر ئېغىركى، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلمايدىكەن، ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. خەلقنىڭ نەپرىتىگە قالىدۇ. ئاللا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ”**زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللانىڭ يولىغا، ئىبن سەبىللەرگە بېرىلىدۇ. بۇ ئاللانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر**“(9-سۈرە «تەۋبە»، 60-ئايەت). بىر قىسىم مۇسۇلمانلىرىمىز زاكاتنىڭ پەرزلىكىنى بىلسىمۇ، كىملەرگە بەرسە دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىمىزنىڭ بايلىق قارىشى توغرىسىدىكى تونۇشىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار

تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ بىز "ئەقىللىق" بولغانلىقىمىز ئۈچۈن پۇل تېپىپ باي بولدۇق، نامراتلار ئۆزىنىڭ "ئەقىلسىز"لىقىدىن نامرات بولۇپ قالغان دەپ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئارىلىقىنى بارغانسېرى يىراقلاشتۇرماقتا. بۇ خىل خاھىش كۈنسېرى كۈچىيىپ ئارىمىزدا "ئېسىل"، "پەس" لەرنى باي-كەمبەغەللىككە قاراپ ئايرىيدىغان، بىراۋ قىمارۋازلىق، جەزخورلۇق، جازانىخورلۇق، شوپاڭچىلىقنى كەسىپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا خىلاپ يوللار بىلەن پۇل تاپقان بولسىمۇ، ۋاي "پالانچى" باي دەپ ئۇلارغا تۆرىدىن ئورۇن بېرىدىغان، هالال ئەمگەكى ۋە ئەقىل-پاراستى بىلەن مىللەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، هالال ياشاپ كەلگەن، ئەمما ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بىر تەقۋادار مۇسۇلمانغا نىسبەتەن كۆزگە ئىلماسلىق پوزىتسىيىسىدە بولىدىغان خۇنۇك كەيپىيات پەيدا بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق ئىللەت ئىسلام دىنىمىزنىڭ بايلىق قارىشى بىلەن تۈپتىن سىغىشالمايدىغان كۆپۈرانە ئەخلاقتۇر. "باي"، "كەمبەغەل" بولۇپ قېلىشنى نوقۇل هالدا ئۇلار دەۋاتقان ئەقىلگە (ئەمەلىيەتتە ناتوغرا يوللارغا) باغلاپ قاراشنىڭ ئۆزىمۇ كۆپۈرانە قاراشتۇر. بىز تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ نامرات ئۆتكەنلىكى بۇنىڭ ئەكسىچە ئەقىل-پاراسەتتە ئۇلارنىڭ ئىلىمۋەتكەن تىرىنقىغا توغرا كەلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ زەردار بولۇپ ئۆتكەنلىكى هەممىمىزگە ئايان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ "بايلار"غا ئەقىل-پاراسەت، هۈنەر-سەنئەتتە نەچچە يىل هەتتا مەڭگۇ ئۇستاز بولغۇدەك نۇرغۇن ئىلىم-پەن خادىملىرى تېخى هاللىق سەۋىيىگە يەتكىنى يوق. ئۇلار ئاشۇ بايلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان پاراۋانلىقنىڭ ئوندىن بىر قىسمىدىنمۇ بەھرىمەن بولالمايۋاتامدۇ. ئۇنداقتا بۇ خىل هالەتنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئەڭ ياخشىسى بۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» دىن جاۋاب ئىزدەيلى. ئاللا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ: "**ئىنسانغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، بىزگە دۇئا قىلىپ (ئىلتىجا قىلىدۇ)، ئاندىن ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ، بىرەر نېمىتىمىزنى ئاتا قىلساق، ئۇ 'بۇ نېمەت ماڭا ئۆز ئىلمىمدىن (يەنى پەزلىمدىن، ئەمگىكىمدىن، تىرىشچانلىقىمدىن، رىزىق تېپىشنىڭ يوللىرىنى بىلگەنلىكىمدىن) كەلدى' دەيدۇ**"(39-سۈرە «زۇمەر»، 49-ئايەت). بۇ ئايەت كەلىمىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئىسلام دىنىمىزنىڭ بايلىق قارىشى توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنى پۇختا ئىگەللىشى، كۆپۈرلۇققا يۈزلەندۈرىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەردىن يىراق بولۇشى كېرەك. پۇل-مال ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تۈۋرۈكى، مەنىۋى مەدەنىيەت تۈۋرۈك تەكتىدىكى زېمىن. زېمىن ئاجىز بولىدىكەن، تۈۋرۈك ئۆرە تۇرالمايدۇ، غۇلاپ چۈشىدۇ. پۇل-مالنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ياخشى-يامانى ئەقىللىق-ئەقىلسىزنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش مەنىۋى غورىبەتچىلىكنىڭ بېشارىتىدۇر. ئىنسان ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىكى كەمبەغەللىكنىڭ ئاسارىتىدىن مەنىۋى جەھەتتىكى كەمبەغەللىكنىڭ ئاسارىتى دەھشەتلىك بولۇپ، كىشىگە بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خورلۇق ۋە زۇلۇم ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا ھەممىمىز ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىپ، ئۆلىمالىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ پاساھەتلىك ئەمر-مەرۇپ تەبلىغلىرى ئارقىلىق، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدىكى مەنىۋى كەمبەغەللىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايۋاتقانلارنىڭ بۇ ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشى، بايلىرىمىز زىممىمىزدىكى مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، سەدىقە-زاكاتلارنى ئۆز جايىغا ئىشلىتىپ، كەمبەغەل-مىسكىنلەرنىڭ ئۆز هالىنى ياخشىلاپ، تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىشىمىز لازىم.

ئاللا ھەممىمىزگە رەھمەت قىلىپ، تەۋھىدىمىزنى، ئىمان ئېتىقادىمىزنى مۇستەھكەم قىلسۇن، ئامىن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئاتا - ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش

△ مۇھتەرەم ھاجى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان، باشقا كۈن چۈشكەن چاغلاردا ھەمدەمدە بولغان، ئېغىرچىلىق-خۇشاللىق كۈنلەردە بىرگە بولغان كىشىلەرنى سۆيۈيندۇ، قەلبى دائىم ئاشۇنداق كىشلەرگە ئىنتىلىدۇ، كۆڭلى ئاشۇنداق كىشىلەر بىلەن خىيال سۈرگىنىدە ئارام تاپىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى دائىم ياد ئېتىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا بىز ئۈچۈن ئاشۇنداق سۆيۈنۈشكە، ئاشۇنداق ئىنتىلىشكە، ئاشۇنداق ئەسلەپ تۇرۇشقا ئەڭ لايىق كىشىلەر كىم؟

بىزنى يوقلۇقتىن بار قىلغان، بۇ دۇنياغا ياراتقان ھەم بۇ دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغى قىلىپ، قالغانلىرىنى بىزلەر ئۈچۈن مۇسەخخەر قىلىپ بەرگەن، بارچە نازۇنېمەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن، دۇنياۋى تۇرمۇشىمىزدىكى توغرا-خاتا يوللارنى بېكىتىپ، ئېنىق ئايرىپ بەرگەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتائالادىن قالسىلا، بىزلەرگە ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن، دەردىمىزنى تارتقان، ياخشىلىقلار ئاتا قىلغان كىشىلەر بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز بولۇپ، دۇنيادا بىزلەر ئۈچۈن ئۇلاردەك جاپا چەككەن، غېمىمىزنى يېگەن كىشىلەر يوق. شۇڭا ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە ئاتا-ئانىنىڭ ھەققىنى ئالاھىدە زىكرى قىلىپ، بۇ ھەقنى ئۆزىنىڭ ھەققى بىلەن ياندىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەققىدىن قالسىلا ئاتا-ئانىنىڭ ھەققى كۆرۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» نىڭ 4-سۈرىسى «نىسا» نىڭ 36-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: **"سىلەر ئاللاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا ... ياخشىلىق قىلىڭلار!"**. دېمەك، ئاللاتائالانىڭ بىزلەرنى ياراتقان، نازۇنېمەتلەرنى ئاتا قىلغان، ياخشى-يامان يوللارنى ئوچۇق ئايرىپ، ھەققەتنى بايان قىلىپ بەرگىنىدەك نۇرغۇنلىغان نېمەتلىرى بار. ئاتا-ئانىلارنىڭ بىزلەرنى تۇغۇپ، تەربىيلەپ چوڭ قىلغان كۆپلىگەن ئەجىرلىرى بار. شۇڭا بۇ ھەقلەرنى تەلتۆكۈس، ئۆز جايىدا ئادا قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان بالىسىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى. ئىبنى ئەبباس مۇنداق دېگەن: "«قۇرئان كەرىم» دە ئۈچ ئايەت بولۇپ، ئاشۇ ئۈچ ئايەتكە ياندىشىپ كەلگەن يەنە ئۈچ ئايەت بار. ھەربىر ئايەت ئۆزى بىلەن ياندىشىپ كەلگەن يەنە بىر ئايەت بىلەن تەڭ ئەمەلىيلەشمىسە ھەر ئىككى-سىلا مەقبۇل بولمايدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى **"ئاللاغا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار"** (5-سۈرە «مائىدە»، 92-ئايەت). ھەرقانداق بىر كىشى ئاللاغا ئىتائەت قىلىپ، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلمىسا، ئۇنىڭ ئىتائەتى مەقبۇل ئەمەس. ئىككىنچىسى، **"سىلەر ناماز ئوقۇڭلار ۋە زاكات بېرىڭلار!"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 43-ئايەت). ھەرقانداق بىر ئادەم ناماز ئوقۇپ زاكات بەرمىسە ئوقۇغان نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ. ئۈچىنچىسى، **"سەن ماڭا ۋە سېنىڭ ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىل!"** (31-سۈرە «لوقمان»، 14-ئايەت). ھەرقانداق بىر كىشى ئاللاتائالاغا شۈكۈر قىلىپ، ئۆز ئاتا-ئانىسىغا شۈكۈر قىلمىسا، ئۇنىڭ قىلغان شۈكۈرىسى مەقبۇل بولمايدۇ". بۇ يەردىكى شۈكۈر ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاتا-ئانىسىغا ھەر تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئاتا-ئانا رازى بولسا، ئاللا رازى بولىدۇ، ئاتا-ئانا غەزەپلەنسە، ئاللا غەزەپلىنىدۇ، ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان كىشى ھەرگىز ياخشى كۈنگە قالمايدۇ.

ئەي قېرىنداشلار!

ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئۇلۇغ ئىش،

ئاتا-ئانىلار بىز بالىلارغا كۆپلەپ ياخشىلىقلارنى قىلغان، بىزنى تەربىيىلەپ مۇشۇ هالغا كەلتۈرۈش يولىدا نۇرغۇنلىغان رىيازەتلەرنى چەككەن، بىز بىر كىچىك بالىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئومۇمىي هالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، بىز شۇ هامان ئاللاتائالانىڭ **"ئەي پەرۋەردىگارىم! سەن ئۇلار (ئاتا-ئانام) ئىككىسىگە مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك رەھمەت قىلغىن"** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇيمىز.

سىز ئويلاپ بېقىڭ! سىزنىڭ ئانىڭىز كۈنسېرى ئاجىزلاپ تۇرىدىغان توققۇز ئاي ئىچىدە سىزنى قورسىقىدا كۆتەردى، ئۇ ئاشۇنداق ئاجىزلىق هالىتىدە سىزنى كۆتۈرگەن بولسا، يەنە شۇ ئاجىزلىق هالىتىدا سىزنى تۇغدى، سىزنىڭ قورساق ئىچىدىكى كۈنسايىن چوڭىيىشىڭىز، ئېغىرلىشىڭىز ئانىڭىزغا كۈنسايىن ئېغىرلىق-ئاجىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ هەتتا سىزنى تۇغۇش ئالدىدا باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك، دۇنيانىڭ ھەممىسىنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتكەندەك، خۇددى ئۆلۈمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولدى. لېكىن سىزنىڭ مېھرى ئىسسىق ئانىڭىز كۆزىنى ئېچىپ يېنىدا سىزنىڭ ياتقانلىقىڭىزنى كۆرگەن هامان، بارلىق دەرد-ئەلەملەرنى، ئاغرىقلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بارلىق ئۈمىد يوللىرىنى سىزگە باغلايدۇ. سىزدە گۈزەل تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقلىرىنى، بەخت-سائادەتلىرىنى كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېچە-كۈندۈزلەپ سىز ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، سىزگە خىزمەت قىلىدۇ، سىزنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقىڭىز ئۇنىڭ ئاق سۈتى بولىدۇ، سىزنىڭ تۇرىدىغان ئۆيىڭىز ئۇنىڭ ئىسسىق باغرى بولىدۇ، سىزنىڭ ئولتۇرىدىغان، مىنىدىغان نەرسىڭىز ئۇنىڭ ئىككى قولى-دۈمبىسى بولىدۇ، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سىزنىڭ هالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئۇ سىزنى تويغۇزۇش بەدىلىگە ئۆزى ئاچ قالىدۇ، سىزنى ئارام ئالدۇرۇش، ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئۆزى تۈنەيدۇ. ئانا سىزنىڭ دۇچ كەلگەن، تاسادىپىيلىق، قورقۇنچ هېس قىلغان ئىشلىرىڭىزدا ئۆزىڭىزنى قوينىغا تاشلاپ يىغلايدىغان، دەرد ئېيتىدىغان، دەردىڭىزگە يېتىدىغان، بېشىڭىزنى سىلايدىغان شەپقەتچىڭىز. چۈنكى سىز ئاشۇنداق چاغلاردا ئانىڭىزنىڭ قۇچىقىنى ئۆزىڭىزنىڭ پاناھ جايىدەك، ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرى بىلەن تولغان كەڭ بىر دۇنيادەك ھېسسىياتلاردا بولىسىز. ھەممىدە ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلىغان هامان بارلىق قورقۇنچلاردىن خالىي بولىمەن دەپ قارايسىز.

سىزنىڭ ئاتىڭىزچۇ؟ ئۇ كېچە-كۈندۈزلەپ سىزنى ئويلايدۇ، سىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ، يول يۈرىدۇ، سەپەرگە چىقىدۇ، تاغ-داۋانلارنى كېسىدۇ، سىزنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكلىرىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان دەرد-ئەلەم، جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىدۇ، كۆپلىگەن خەتەرلەرگە يولۇقىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنى، تۇرمۇش جەريانلىرى، خىلمۇخىل كەچۈرمىشلەرنى ئۆتكۈزۈپ سىزنى تەربىيىلەيدۇ، سىزنىڭ هالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدۇ، سىز ئاتىڭىزنىڭ ئالدىغا كىرسىڭىز سىزدىن خۇشاللىنىدۇ، كۆڭلى ئېچىلىدۇ، ھەم سىزدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇ سىزگە نۇرغۇنلىغان ئۈمىد نەزەرلىرى بىلەن قارايدۇ. ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىپ كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولۇشىڭىزنى ئاللاتائالادىن تىلەيدۇ. ئاتىڭىز سىرتقا چىقىش ئۈچۈن سىزدىن ئايرىلىشقا تەمشەلسە، سىز ئۇنى قۇچاقلىۋالىسىز، ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالىسىز، ئۇ خۇددى ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدىغاندەك بار ئاۋازىڭىز بىلەن ياش تۆكۈپ يىغلايسىز. ئاتىڭىز قايتىپ كەلگەندە خۇشاللىقىڭىزدىن ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ باغرىغا تاشلايسىز، يايراپ كېتىسىز. ئەنە ئاشۇ ئىككى كىشى سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز بولىدۇ. ئەنە ئاشۇ ۋاقىتلار سىزنىڭ كىچىك، گۆدەك، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئاتا-ئانىڭىزغا قانداق قىلماقچى؟

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: **"بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا 'مەن ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن سىلىگە جىھاد قىلىش ۋە ھىجرەت قىلىش يولىدا ۋەدە بىلەن قەسەم قىلاي دەيمەن' دېدى. رەسۇلۇللا (ئۇنىڭدىن سوراپ) 'سېنىڭ ئاتا-ئاناڭدىن بىرەرسى تىرىكمۇ؟' دېدى، ئۇ (جاۋاب قايتۇرۇپ) 'شۇنداق، ھەر ئىككىسىلا هايات بار' دېدى. رەسۇلۇللا (يەنە قايتىلاپ) 'سەن (بۇ ئارقىلىق) ئاللاتائالادىن**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەجىر-ساۋاب ئىزدىمەكچىمۇ؟' دېدى. ئۇ (جاۋاب بېرىپ) 'شۇنداق' دېدى. رەسۇلۇللا 'ئۇنداقتا سەن ئاتا-ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ئۇلار ئىككىسىگە ياخشى **ھەمراھ** بول دېدى' ".

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر كىشى جىھاد توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ كىردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: **"سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ بارمۇ؟"** دېدى. ئۇ: "شۇنداق، بار" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئۇلار ئىككىسىگە ھەمراھ بول، چۈنكى جەننەت ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئايىغى ئاستىدا"** دېدى.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەققى بەك كۆپ، ئۇلارنىڭ بالىلار ئۈچۈن قىلغان ياخشىلىقلىرى تۆلەپ بولغۇسىز. شۇنداقتىمۇ سىز كۆز ئالدىڭىزدىكى بەزى مەجبۇرىيەتلەرنى ئىقتىدارىڭىزنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، سىز ئۇلارنى ھۆرمەتلەش-ياخشى كۆرۈش، ئۇلار ئالدىدا ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇش، تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بېرىش، ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشىڭىز كېرەك. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىش يولىدا ھېچقانداق نەرسىڭىزنى ئايىماسلىقىڭىز كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **سەن ۋە سېنىڭ مال-دۇنيايىڭ ئاتاڭغا تەۋە"**. بۇ ھەدىس بالا ۋە بالىنىڭ قولىدىكى بارلىق نەرسە كېرەك، پۇل-دۇنيا ئاتىغا تەۋە، ئاتا ئۇ نەرسىلەرنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. سىز ئاتا-ئانىڭىز بىلەن سۆزلەشكەندە يېرىك، قوپال سۆزلەرنى قوللانماڭ، ھەرگىز يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىپ، ئۇلارنى بىئارام قىلماڭ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **"ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن"** (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»، 23-ئايەت). بۇ ئايەتتىن ئۇلارغا ئېغىر كېلىدىغان، كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان، ئازار بېرىدىغان، مەيۈسلەندۈرىدىغان بارلىق گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى كېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانىغا خۇش چىراي بېقىش، تەبەسسۇم چىراي بىلەن قاراش، كۆيۈنۈپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش سىزنىڭ بۇرچىڭىز، چۈنكى ئۇلار سىزنى تۇغۇپ تەربىيىلەپ، ئۆستۈرۈپ قاتارغا قوشۇش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى، كۈچ-قۇۋۋىتىنى، مال-دۇنياسىنى سىز ئۈچۈن سەرپ قىلىپ بولۇپ، ھازىر ياشىنىپ، ئاجىزلىشىش، بوشىشىش تەرىپىگە ئۆتتى، ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **"ئۇلارنىڭ (ئاتا-ئاناڭنىڭ) بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن"** (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»، 23- ئايەت). بۇ ئايەتنىڭ ئەرەبچىسىدىكى "عندك" دېگەن سۆزدىن ئاتا-ئانىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، بۇ ئارقىلىق سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدا سىزنىڭ ھىمايىڭىزگە چۈشىدىغانلىقى، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولسا، ھازىر سىزنىڭ ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نۆۋىتىڭىز كەلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالىسىز.

قېرىنداشلار! كىمكى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسا، كەلگۈسىدە بالا-چاقىسىمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىدۇ، كىمكى ئاتا-ئانىسىنى ئاغرىتسا، ئۇنىڭ بالا-چاقىسىمۇ ئۇنى ئاغرىتىدۇ. سىز نېمە قىلسىڭىز، شۇنى كۆرىسىز، شۇڭا ئاللاتائالانىڭ تەۋسىيەسىگە قەتئىي ئەمەل قىلىشىمىز لازىم: **"سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن(يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە 'ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن دېگىن"** (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»، 23—24-ئايەتلەر).

# ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا

△ ياقۇپ ھەمدۇللا

خەلقىمىزدە "تەن ساغلىق—زور بايلىق"، "ساغلام تەندە ساپ ئەقىل" دېگەن ئەقلىيە سۆزلەر بار. بۇ سۆز جەۋھەرلىرىنىڭ بىباھا قىممىتى ھەم ئىلمىي ئاساسى بار. تەن ساغلام بولغاندىلا ھەرقانداق ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىيالايمىز، پاكلىق، پاكىزلىققا ھەر دائىم ئەھمىيەت بېرىش—ساغلام بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. تازىلىققا رىئايە قىلىشنى ئادەت قىلغاندىلا ساغلام بەدەن، زېرەك، چىچەن قاۋۇل بولالايمىز.

تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش—بىر مىللەتنىڭ ساپاسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئېسىل پەزىلىتىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى.

ئىسلام دىنى دۇنيادا پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "**ئاللا ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ**" (2-سۈرە «بەقەرە»، 222-ئايەت). مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقاندەك: "**ئىسلام دىنى پاكىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان**"، "**شەكسىزكى ئاللا پاكتۇر، ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ، ئاللاتائالا پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ. ئاللاتائالا سېخىيدۇر، سېخىيلىقنى ياقتۇرىدۇ. ھويلا-ئاراملىرىڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار**" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). قۇرئان—ئاللانىڭ سۆزى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللانىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبىرى، بىز مۇسۇلمانلار ئاللاتائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكىمىز، ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاللا سۆيگەن پاكىزلىقنى بىزمۇ سۆيۈشىمىز، پاك ھەم پاكىز بولۇپ پەرز-ئەمەللەرنى ئادا قىلىشىمىز، مۇسۇلمانلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ ئىسلام دىنىنىڭ شان-شەرىپىنى قوغدىشىمىز لازىم. بۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەنىدى: "**پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر**" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئىسلام دىنىدا ئىمان مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بىرىنچى ئالدىنقى شەرتى. پاك ھەم پاكىز بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەزىپىسى. شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ياخشى تازىلىق ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

1. مۇھىت تازىلىقىغا، جۈملىدىن ھويلا-ئارام، مەسچىت-ساراي، ئۆي-ماكانلارنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغان ئىككى قىلىقتىن ساقلىنىڭلار يەنى كىشىلەرنىڭ ماڭىدىغان يولى ۋە ئۇلارنىڭ سايىدايدىغان ئورنىغا تەرەت قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار**" دېگەن (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئائىشە رازىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام: "**مەھەللىلەردە مەسچىت بىنا قىلىش ۋە ئۇ مەسچىتلەرنى پاكىز، خۇشبۇي تۇتۇشقا بۇيرۇغان.**" دېمەك، يوللار ۋە ئاممۇۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش ساۋابلىق ئىشتۇر، ئەكسىنى قىلسا گۇناھ بولىدۇ.

2. ئورمان ئۆستۈرۈپ، باغۋاران بىنا قىلىپ، گۈل-گىيا تېرىپ مۇھىتنى گۈللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. خەلقىمىزدە "بېغى يوقنىڭ نېنى يوق" دەيدىغان ماقال بار. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "**ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان دەرەخ تىكسە، ياكى زىرائەت تېرىسا ئۇنىڭدىن ئۇچار قۇشلار، ياكى ئىنسانلار، ياكى ھايۋانلار يېسە ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن، ئۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ**" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دېگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: "**بىرىڭلارنىڭ قولىدا بىر كۆچەت بولۇپ قېلىپ قىيامەت قايىم بولسىمۇ ئۇنى تىكىۋەتسۇن**" دېگەن (تەبرانى رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسلىرىدىن ئورمان بىنا قىلىش قانچىلىك تەخىرسىز، مۇھىم، جىددىي ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلاردا مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، گۈزەللىكنى سۆيۈش ياخشى ئادىتى يېتىلگەن.

3. ھەربىر ئائىلىدە بىردىن ئەتراپى پۈتۈن قورشالغان، تۆپىسى يېپىلغان، چوڭقۇر قېزىلغان ھاجەتخانا بولىدۇ. مۇسۇلمانلار خالىغان يەردە ھاجەت قىلمايدۇ، ھاجەت قىلغاندا ھاجەتخانىغا

www.uyghurkitap.com

بارىدۇ (چۈنكى سەترى ئەۋرەت-پەرز ئەيىندۇر). ھاجەت قىلغاندا ئولتۇرۇپ ھاجەت قىلىدۇ، ئالدى-ئارقا پىشاپ يوللىرىنى پاكىز سۈرتىدۇ (چۈنكى كىيىمگە نىجاسەت تەگسە، كىيىم پاسكىنا بولىدۇ ۋە ناماز دۇرۇس بولمايدۇ)، ھاجەتتىن كېيىنلا ئىستىنجا قىلىدۇ، بۇنىڭدا ئالدى-ئارقى پىشاپ يوللىرىنى يۇيۇش پەرز.

4. ھويلا، يوللارغا سۇ سېپىپ پاكىز سۈپۈرۈش، مۇسۇلمان ئائىللىرىنىڭ ھەر كۈنلۈك سەھەر تۇرۇپ پۈتتۈرىدىغان بىرىنچى ئىشى. مۇسۇلمانلار نامازدىن پارىغ بولغاندا، بالىلارنى تۇرغۇزۇپ، كىيىندۈرۈپ، ئۆي ئىچىنى پاك-پاكىز تازىلاپ بولۇپ، ئاندىن ناشتا قىلىدۇ. ئەخلەتنى، يۇندىنى ھەرگىز يول بويلىرىغا، سۇ يوللىرىغا تۆكمەيدۇ، شۇنداقلا يولدىكى توسقۇنلارنى ئېلىۋېتىش، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، قۇدۇق قېزىش قاتارلىقلارنى چوڭ ساۋابلىق ئىش دەپ بىلىدۇ. سۇغا ھەرگىز تەرەت قىلمايدۇ، گۈل-گىيا، ئوتياشلارنى نابۇت قىلمايدۇ، چاشقان، ئىلان-چايان، چۈسى، پاشا، چىۋىن قاتارلىق زىيانداشلاردىن باشقا جاندارلارنى ئۆلتۈرمەيدۇ، ئەكسىچە قىلغانلارنى گۇناھكار ھېسابلايدۇ.

5. شەخس تازىلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ناماز — ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكى. تاھارەت كامىل بولمىسا، ناماز دۇرۇس ئادا بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز پەرز. ناماز ئوقۇشتا بەدەن پاك بولۇش، كىيىم-كېچەك پاك بولۇش، ناماز ئۆتەيدىغان ئورۇن پاك بولۇش، تاھارەت ئالىدىغان سۈيى پاك بولۇش شەرت. تاھارەت ئېلىشتا ئاۋۋال ئىككى قولنى يۇيۇپ، ئاندىن ئىستىنجا (ئالدى-ئارقا پىشاپ يولنى يۇيۇش) قىلىدۇ، ئاندىن يەنە قولنى پاكىز يۇيۇپ، ئېغىزغا ئۈچ مەررە سۇ ئېلىپ غەرغەر قىلىدۇ، بۇرنىغا ئۈچ مەررە سۇ ئېلىپ مەززە-مەززە قىلىدۇ، ئاندىن يۈزنى ئۈچ مەررە يۇيىدۇ، ئىككى قولنى جەينەككى بىلەن قوشۇپ يۇيىدۇ، باشنىڭ 1/4 گە مەسھە قىلىدۇ، (قۇلاق ئىچى، قۇلاق سۈپىرىسى يۇيۇلىدۇ، بويۇنغا مەسھە قىلىنىدۇ)، ئىككى پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيىدۇ، (بارماقلىرىنىڭ ھەربىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇيىدۇ)، جۇنۇپ بولغانلار (ئەر-ئايال بىرگە بولغاندا، چۈشىدە بىرگە بولۇپ ئىھتىلام بولغاندا، ئىككى خەتنىگاھ بىر-بىرىگە مۇلاقات بولغاندا، ھېسسياتى ئۆزلۈكىدىن كۆڭلى ئېرىپ كەتكەندە، ئايال ھەيزدىن، نىفاستىن پاك بولغاندا) غۇسۇل قىلىش ئىنتايىن دىققەت قىلىدىغان مۇھىم ئىش. «قۇرئان كەرىم» دە: **"جۇنۇپ بولساڭلار، — يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا، — غۇسۇل قىلمىغۇچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار"** (4-سۈرە «نىسا»، 43-ئايەت) دېيىلگەن. غۇسۇل قىلىش — كىچىك تاھارەت ئالغاندەك تازىلىنىپ، ئاندىن پۈتۈن بەدەننى (بىر تال موينىڭ تۈۋىنى قۇرۇق قويماي) پاكىز تازىلاش ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"بالاغەتكە يەتكەن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرۇشى ئاللانىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىدۇر"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). مۇسۇلمانلار جۇنۇپ بولمىغاندىمۇ ھەر جۈمە كۈنى غۇسۇل قىلىپ (چوڭ تاھارەت ئېلىپ)، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ جۈمە نامىزىغا بارىدۇ، تۇغقان، دوست-يارەنلىرىنى يوقلىشىدۇ، بۇ قېلىپلاشقان ئادەت. شۇڭا مۇسۇلمانلار قىز-ئوغۇللىرىنى توي قىلىپ ھۇجرا ئايرىغاندا، ئۆي بىساتلىرى قاتارىدا بىر قول چۆگۈن، چوڭ داس ھەرگىز كەم بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام **"جۈمە كۈندە كىشى يۇيۇنۇپ، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە تازىلىنىپ، ئۆزىنى مايلاپ، ياكى ئۆيىدىكى خۇشپۇراق نەرسىلەردىن ئىستېمال قىلىپ، ئاندىن بېرىپ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى قىسماستىن، بەلگىلەنگەن نامازلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىمام خۇتبە ئوقۇغاندا جىم تۇرسا، ئاللا ئۇنىڭ بۇ جۈمە بىلەن ئىككىنچى جۈمە ئارىسىدىكى گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دېگەندى، شۇڭا مۇسۇلمانلار جۈمە كۈنىنى ئۇلۇغلايدۇ، جۈمە نامىزىنىڭ پەرز، سۈننەت ئەمەللىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە تولۇق ئورۇنلاشقا تىرىشىدۇ. دېمەك، ئۇلار ھەر كۈنى، ھەر نامازدا، ھەر جۈمەدە بەدەننى كىر، مەينەتچىلىكتىن ئادا قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ قان ئايلىنىش، نەپەسلىنىش، ئوزۇقلىنىش ۋە ماددا ئالمىشىش يوللىرى راۋان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇپ، بالدۇر قېرىشتىن ساقلىنىپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ. ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، ئېلىمىز بويىچە ئۆمۈر چولپانلىرىنىڭ 70 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقى شىنجاڭدا (ئۇيغۇرلاردا)، 20 پىرسەنتتىن ئارتۇقى

نىڭشادا (خۇيزۇلاردا) ئىكەن.

ئەرئاياللارنىڭ شەخس تازىلىقى، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، مۇھىت تازىلىقى ياخشى بولغاندا، بالا سۈپەتلىك تۇغۇلىدۇ. مۇسۇلمانلار بوۋاق تۇغۇلۇشى هامان چۆمۈلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار بالىنىڭ كىندىكى چۈشكەن هامان بالىنى بۆشۈككە سېلىپ باقىدۇ. بالىغا ئىككى ياشقىچە ئۆز ئانا سۈتىنى ئېمىتىش زۆرۈر، بۇ هەقتە «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق ئايەت بار (2-سۈرە «بەقەرە»، 233-ئايەتكە قاراڭ). مۇسۇلمانلار بالا هەر قېتىم تەرەت قىلغاندا دەرهال سۇ بىلەن پىشاپ يوللىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ، پۇراقلىق نەرسىلەرنى سېپىپ، مايلاپ تۇرىدۇ. بالىلارنى پاك-پاكىز بېقىش ئانىلارنىڭ بۇرچى. مۇسۇلمانلار ئوغۇل بالىلىرى يەتتە ياشقا كىرسە خەتنە قىلىدۇ. خەتنە قىلىش پاكىزلىققا ياتىدىغان سۈننەت ئەمەلدۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: **"بەش تۈرلۈك ئىش سۈننەت هېسابلىنىدۇ. بۇ ئىشلار: خەتنە قىلىش، ئەۋرەتنىڭ تۈكلىرىنى ئېلىش، بۇرۇتنى قىرقىش، تىرناق ئېلىش، قولتۇق تۈكلىرىنى يۇلۇشتىن ئىبارەت"** (بۇخارى ۋايەت قىلغان). «قۇرئان كەرىم»نىڭ «تەۋبە» سۈرىسى، 108-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئاللانائالا (ئىچكى هەم تاشقى جەهەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ"**. (ماقالىنىڭ سەهىپە ئېهتىياجى بىلەن ئىچكى پاكلىقنى يازمىدىم). ۋاللاهۇ ئالەم، ئاللا هەممىنى بىلگۈچىدۇر. پاك هەم پاكىز بولۇپ، ئاللاغا يېقىن بولۇش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ ئالىي مۇشەررەپتۇر.

6. مۇسۇلمانلار ئوزۇقلۇقنىڭ تازىلىقىغا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئوزۇقلۇقنى هالال-هارام دەپ ئېنىق چەك قويۇپ ئايرىتىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە **"ئاللا سىلەرگەر رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار، شەيتان سىلەرگە هەقىقەتەن ئوچۇق دۈشمەندۇر. (ئاللا سىلەرگە يېيىش هالال قىلىنغان) سەككىز خىل چاهارپاينى ياراتتى: قويدىن ئىككى (قوچقار ۋە ساغلىق)، ئۆچكىدىن ئىككى (تېكە ۋە ئۇرغاچى)، ... تۆگىدىن ئىككى (ئەركەك بىلەن چىشى)، كالىدىن ئىككى (ئەركەك بىلەن چىشى)نى ياراتتى"** (6-سۈرە «ئەنئام»، 142—144-ئايەتلەر).

**"هايۋانلار (يەنى تۆگە، كالا، قويلارنىڭ) هەممىسى (زەبهى قىلىنغاندىن كېيىن) يېيىش هالال قىلىندى"** (5-سۈرە «مائىدە»، 1-ئايەت)، **"سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللادىن غەيرىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان هايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن هايۋان، (هايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، يىرتقۇچ هايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن هايۋان گۆشىنى يېيىش هارام قىلىندى. (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك هايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار هالال بولىدۇ "** (5-سۈرە «مائىدە»، 3-ئايەت) دەپ چەك-چېگرىنى ئېنىق ئايرىپ بەرگەن. هارامغا ئايرىشنىڭ ئىلمىيلىكى بار. قان پاك ئەمەس، ئۆلگەن ماللار ئەلۋەتتە پاك ئەمەس. ئۇلار مىكروبلارنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ، يېگەن كىشى ياكى زەهەرلىنىدۇ، ياكى كېسەل مىكروبى بىلەن يۇقۇملىنىدۇ. هالال-هارامنى ئايرىشتا پاكىزلىقى، تەمى، پۇرىقى، ئىستېمال قىلسا زىيان قىلماي، مەنپەئەت قىلىشى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىنىدۇ. چوشقا ئىچكى-تاشقى جەهەتتىن مەينەت بولغاچقا هارام قىلىنغان، قان، ئېشەك گۆشى، خېچىر گۆشى يېسە زىيان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەمى بەزەپ، پۇرىقى بەتبۇي، شۇڭا هارام قىلىنغان، هارامنىڭ لۇغەت مەنىسى زىيان بولۇپ، شەرىئەت هۆكۈمىدە قەتئىي چەكلىنىدۇ. ئۇنى يېسە چوڭ گۇناھ بولىدۇ، يېمىسە ساۋاب تاپىدۇ. هالال دېسە كاپىر بولىدۇ. تائامنى هالال يېيىش—پەرز ئەيىندۇر. شۇڭا مۇسۇلمانلار هارامنى قەتئىي تەرك ئېتىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارغا خاس ئالاهىدە ئادەت. شۇڭا ئوزۇقلۇقلارنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ، تاماق ماتېرىياللىرىنى پاكىز ئادالاش لازىم. ئۆزىمىز مال بوغۇزلىغاندا تەكبىر ئېيتىپ (**ئاللاهۇ ئەكبەر، ئاللاهۇ ئەكبەر، لائىلاهە ئىللەللاهۇ ئاللاهۇ ئەكبەر، ئاللاهۇ ئەكبەر، ۋەلىللا هىلهەمد**) ئاندىن **"بىسمىللاهى، ئاللاهۇ ئەكبەر"** دەپ زەبهى قىلىمىز. مالنىڭ جېنى چىقىپ بولغۇچە «قۇنۇت» دۇئاسىنى ئوقۇيمىز. مال بوغۇزلاشتا بوغۇزلۇقنى چوقۇم قىبلىگە قارىتىمىز. گۆش ئىستېمال قىلغاندا هەر قېتىمدا يېڭى گۆش يېگەن ياخشى، پۇراپ قالغان،

كۆكىرىپ قالغان، چۈشىن قۇرۇتى يامراپ كەتكەن گۆشلەرنى يېسە زىيانلىق. تۇزلاپ، ئىسلاپ قۇرۇتقان، ئۇزاق ساقلىغان گۆشنىمۇ كۆپ يېسە كېسەللىكنى قوزغايدۇ.

7. تاماق يېيىشتىكى پاكىزلىق ئادەتلىرى: مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىتلىق تامىقىدا ئۆيىدە بار ئائىلە ئەزالىرى يىغىلىپ بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالىنىدۇ، غىزالىنىشتىن ئىلگىرى ھەممىسى قول يۇيىدۇ. يۇز-قوللىرىنى يۇيۇشتا قول چۆگۈن ئىشلىتىدۇ (بىر ئائىلىدە بىر جاۋۇردا يۇسا پاكىزلىق ئادا بولمايدۇ)، پاكىز داستىخان سېلىنىدۇ، چوڭلار تۆردە ئولتۇرىدۇ، تائام ئاۋۋال چوڭلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ، چوڭلار ئېغىز تەگمىگۈچە كىچىكلەر ئېغىز ئاچمايدۇ. بۇنىمۇ ئاتا-ئانىلارنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. مېھمان بولسا مېھماننى چوڭ كۆرۈپ تائامنى ئاۋۋال مېھمانغا سۇنىدۇ. مېھماننى چوڭ كۆرۈش—ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ئەۋزىلى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى. تاماق يېيىشتە ئاۋۋال ”بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم“ دەپ ئاللانىڭ نامى يادلىنىدۇ. تاماق بىر لوقما-بىر لوقمىدىن ئالدىرىماي چايناپ يۇمشىتىپ يېيىلىدۇ. تاماقنى پۈۋلەش، بەك ئالدىراپ يېيىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى لوقمىنى ئېلىش، باشقىلارنىڭ قولىدىكى تائامغا قاراش، غەيرىي ئاۋاز چىقىرىش، تاماق ئۈستىدە پاراڭ سېلىش، كۈلۈش، قېقىلىش ئەدەپسىزلىك بولۇپ ئەيىبلىنىدۇ. تاماقتىن تارىماي تۇرۇپ كىكىرىش، چۈشكۈرۈش، يۆتىلىش، بۇرۇن قېقىش، باشقىلار غىزالىنىۋاتسا توختاپ قېلىش، تۇرۇپ كېتىشمۇ ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار ئادەم بارلىكى جايدا ھەرگىز ئۇسۇرمايدۇ. ئۇسۇرۇپ قويۇش ھۆرمەتسىزلىك، ئەدەپسىزلىك سانىلىپ قاتتىق ئېھتىيات قىلىنىدۇ. چۈشكۈرگۈچى چۈشكۈرگەندە ”شۈكۈر ئەلھەمدۇلىللا“ دېسە، تىڭشىغۇچىلار ”يەر ھۆكمۇللا“ دەپ جاۋاب قىلىدۇ. ئەسنىگەندە قولى بىلەن ئاغزىنى توسايدۇ. ئادەم بار يەردە بۇرۇن قاقمايدۇ، قاقىرىپ تۈكۈرمەيدۇ. تاماق يەپ بولۇپ، ئاللانىڭ بەرگەن رىزقىسىغا شۈكۈرسانا ئېيتىپ، ياخشى تىلەك تىلەپ دۇئا قىلىپ، ئاندىن تاماقتىن تارايدۇ. ئائىلىدىكى قىز-ئاياللار دەرھال قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، دەرھال تازىلاپ، قولمۇقول ئادالايدۇ.



www.uyghurkitap.com

غىزالانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تاماقتىن ... قوللىرىنى يۇيۇپ، ئاندىن تارىشىدۇ. قول يۇ... كىچىكلەر چوڭلارغا سۇ قۇيۇپ بېرىدۇ. بىر قېتىملىق تاماقلىنىش ئۇم، ئىناق، ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈش، ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ئەدەپ-ئەخلاق دەرسخانىسىغا ئوخشاش جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتۈپ ھەممەيلەن ھۇزۇر-بەھىر ئېلىشىدۇ.

مۇسۇلمانلار قولۇم-قوشنىلارغا، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئىچىدە ئاجىزلارغا ئۆزئارا غىزا سۇنىدۇ. بولۇپمۇ پېقىر-مىسكىن، يېتىم-يېسىرلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ 107-سۈرىسى «مائۇن»نىڭ 1—7-ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: ”**دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۈشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر. شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ**“. ناھايىتى ئېنىقكى يېتىملارنى دۈشكەلىگەن، مىسكىنگە تاماق بەرمىگەن ئادەم ”**دىننى ئىنكار قىلغان**“ دەپ ئايرىلغان. دىننى ئىنكار قىلغان ئىكەن، ئۇ مۇسۇلمان ئەمەس دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداقلارنىڭ ئۆتىگەن نامىزى رىيا، رىيا—گۇناھ دېگەن سۆز. گۇناھ—دوزاخقا باشلايدىغان يول دېمەكتۇر.

8. مۇسۇلمانلار ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، تاماكا، نەشە، ئەپيۇن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنى مۇتلەق ھارام بىلىپ، قەتئىي چەكلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە: ”**ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى. پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللانى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ. سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟**“ (5-سۈرە «مائىدە»، 90—91-ئايەتلەر) دېيىلگەن. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ھارامنى كەيپ بىلىپ دىلىمىزنى بۇلغىساق، زىددىيەتلىك، دۈشمەنلىك، ئۆچ-ئاداۋەت،

قەبىھ-قاباھەت، بالايى-ئاپەت، قىلمىش-جىنايەت، ھەممە بەختسىزلىكلەرگە گىرىپتار بولىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ھاراقتۇر، ھاراقنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر"** دېگەنىدى (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان). مەست قىلغان ئىكەن ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ھەممە ھەرىكىتىگە ئەقىل قوماندانلىق قىلىدۇ. ئەقلىدىن ئازغان ئادەم ئىختىيارىنى شەيتانغا تاپشۇرىدۇ. نەتىجىدە ئۇياتسىز، نومۇسسىز، ۋىجدانسىز، پاسىق بەندىگە ئايلىنىپ، ئۇرۇش-جاڭجال، يامان ئىشلاردىن يانمايدۇ، ھەتتا ئىنتايىن قەبىھ جىنايەت، دەھشەتلىك بالايى-ئاپەت، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ بولالمايدىغان يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ **"ھاراق ھەممە گۇناھلارنىڭ ئانىسى"** دېگىنى راستتۇر.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ھاراقتىن، زەھەرلىك چېكىملىكتىن تارتقان زىيانلىرىمىز ئاز ئەمەس. ئۇ مىللىتىمىزگە كۆرۈلمىگەن بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە؛ بىر قىسىم بالىلىرىمىز ئىنسان قاتارىدىن چىقماقتا؛ ئائىلىلەر ۋەيران بولماقتا؛ بەختسىز ئاتا-ئانىلار زار-زار قاقشىماقتا؛ بالىلار يايپاش تۇرۇپ ناكار بولماقتا؛ ئەڭ دەھشەتلىك، ئەڭ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلمەكتە! بۇ ئىككى ئالۋاستى نېمىدېگەن زىيانلىق، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ 3-سۈرىسى «ئال ئىمران» نىڭ 104-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: **"سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر"**. دېمەك، ئاللاتائالا بىزنى خەيرلىك ئىشنى كۆپ قىلىش، باشقىلارنى كۆپ دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى. بىز ئاتا-ئانا بولغۇچىلار ئۆزىمىز ياخشى خۇلق، گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئۈلگە بولساق، بالىلارغا ھارامنى يېگۈزمەي، پاك، پاكىز تەربىيىلەپ ئۆستۈرسەك، ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقىنى قەلبىگە سىڭدۈرسەك بالىلار خەيرلىك ئىشلارنى كۆپ قىلىپ، نەھى ئىشلارنى تەرك قىلىدۇ. يامان خۇلق، يامان ئىشنى كۆرگەندە قاتتىق قول بولۇپ، قەتئىي مەنئى قىلىپ، قىلچە يول قويماسلىقىمىز، ھارامدىن يىرگىنىپ، توغرا يولنى تاپمىغۇچە تەربىيىنى قىلچە بوشاشتۇرماسلىقىمىز لازىم. ئەجرىمىزنى ئاللا بېرىدۇ.

9. ئىسلام دىنى ئەركىن نىكاھنى تەكىتلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ 30-سۈرىسى «رۇم» نىڭ 21-ئايىتىدە: **"ئاياللار بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللانىڭ ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللانىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار"** دېيىلگەن. ئەر-ئايال كۆرۈشۈپ، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ ئەھدە قىلىشقاندىن كېيىن، ئەر تەرەپ مەھرىنى بېرىپ، نىكاھلاپ ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن، ھالال جۈپلەردىن بولىدۇ. نىكاھسىز بىرگە بولۇش ھارام، زىنا ھېسابلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە: **"... ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن باشقىلىرىنى زىنادىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا، ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى مەھرىنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى"** (4-سۈرە «نىسا»، 24-ئايەت) دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شۇڭا بالىلىرىمىزغا ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن تەلىم بېرىپ، ئۇلارنى ھارام ئىشلاردىن خالىي بولۇشقا، نىكاھسىز بىرگە بولۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشقا، پاك، ئىپپەتلىك، ھايالىق بولۇشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك.

ئىسلام دىنى ھەيزدار، نىفاسدا ئايال بىلەن جىما قىلىشنى قاتتىق چەكلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە **"(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى 'ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر) ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار'"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 222-ئايەت) دەپ ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. قۇرئان بىزگە قوللانما.

10. مۇسۇلمانلار زىنا قىلىش، پاھىشە

www.uyghurkitap.com

قىلىشنى گۇناھى كەبىر ھېسابلاپ قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە: **"ئاراڭلاردا ئىككى كىشى (يەنى ئەر بىلەن ئايال) پاھىشە قىلسا، ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەڭلار"** (4-سۈرە «نىسا»، 16-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: **"زىنا قىلغۇچى كامىل مۆمىن بولغان ھالدا زىنا قىلمايدۇ. ھاراق ئىچكۈچى كامىل مۆمىن بولغان ھالدا ھاراق ئىچمەيدۇ. ئوغرىلىق قىلغۇچى كامىل مۆمىن بولغان ھالدا ئوغرىلىق قىلمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلىغۇچى كامىل مۆمىن بولغان ھالدا ئۇلارنى قارىتىپ قويۇپ ماللىرىنى بۇلىمايدۇ"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىدا قەيت قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، مۆمىن مۇسۇلمانلارغا يات خۇلق. مۆمىن مۇسۇلمان دېگىنىمىز گۈزەل خۇلق ئىگىلىرىدۇر.

زىنا قىلىش، پاھىشە قىلىش شەيتاننىڭ ۋەسۋەسى. زىنا، پاھىشە قىلغۇچىلار روھى پاسكىنا، نومۇسسىز، ھاياسىز، ۋىجدانسىز مەخلۇقلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىمانى بۇلغىنىپلا قالماي، جىسمانىيىتىمۇ مەرەز، سىفلىس، ئەيدىز قاتارلىق ئاپەت خاراكتېرلىك يامان كېسەللەر بىلەن يۇقۇملىنىپ، پانىي دۇنيانىڭ ئۆزىدىمۇ ئاللانىڭ جازاسىغا، خەلقنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. بۇنداق ھارامخورلاردىن تۇغۇلغان ھارامزادىلەرمۇ سۈپەتسىز تۇغۇلىدۇ، ياكى ئىت كوچىدەك ئېتىبارسىز تاشلىۋېتىلىدۇ، خورلىنىدۇ، ئازاپ چېكىدۇ. بۇ سەبىلەردە نېمە گۇناھ؟ بۇنىڭ جازاسىنى بەرگۈچى ئاللا. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە: **"ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار!"** (66-سۈرە «تەھرىم»، 6-ئايەت) دەپ ئاگاھلاندۇرغان. بۇ ئايەتتە ئاللاتائالا ئالدى بىلەن ئائىلە-ئانا بولغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، يامان ئادەت، چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىشقا ھەم بالا-چاقىلارنى ياخشى تەربىيىلەپ، زامانغا لايىق، مۇسۇلمانلارغا يارامىلىق تەربىيىلەپ چىقىشقا ئاگاھلاندۇرغان. ئەكسى بولغاندا، دوزاخقا يېقىلغۇ بولۇپ، مەڭگۈلۈك دوزاخ ئازابى تارتىدىغانلىقى بىلەن خىتاب قىلغان. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! ئاللا ئۆزى ساقلىغاي.

مۇسۇلمان قېرىنداش! **"ئاللا (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ"** (9-سۈرە «تەۋبە»، 108-ئايەت). چىن دىلىمىزدىن ئاللاغا ئىمان ئېيتقان ئىكەنمىز **(ئۆزىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتە) ياخشى مۇكاپات بەرگۈچىدۇر"** (18-سۈرە «كەھف»، 44-ئايەت). ئاللا كۆرسەتكەن ھەق يولدا دادىل مېڭىپ، خەيرلىك ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىمىز كېرەك. بۇ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەم مەجبۇرىيىتى. **"قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى قىرائەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر"** (ھەدىستىن). بىز ھەربىر ئىشىمىزدا قۇرئاننى تۇتقا قىلىپ، ھەربىر ھەرىكەتتە قۇرئاننى ئۆلچەم قىلىپ، قۇرئان كۆرسەتكەن ئېسىل پەزىلەت، گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرالىساق، ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىقى، شان-شەرىپىنى قوغدىغان بولىمىز. زامانغا لايىق، ئىسلام ئەھلىگە خاس مۇسۇلمان بولالايمىز.

ئاللاتائالا مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئىنسانلارنى ھەممىدىن گۈزەل ياراتتى. بىز مۇسۇلمانلارنى **"ئەڭ ياخشى ئۈممىتىم"** دېدى. ئاللا گۈزەللىكنى، پاكلىقنى سۆيىدۇ. گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى يارىتىش، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش بىزنىڭ ئورتاق ئارمانىمىز. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: **"مەن گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم"** دېگەن. گۈزەل خۇلق، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەرلا كامىل مۇسۇلمان، ياخشى ئۈممەت ھېسابلىنىدۇ. كامىل مۇسۇلمان مەڭگۈلۈك جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، بىلگۈچى ئاللا.

مۇھىت-شارائىت كىشىلەرنىڭ روھانىيىتىگە، جىسمانىيىتىگە، خۇلقى-خاراكتېرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىشى قانداق شارائىتتا ياشىسا شۇنداق ئادەملەردىن بولۇپ چىقىدۇ. گۈزەل مۇھىت، گۈزەل شارائىتتا ساغلام تەن، قاۋۇل بەدەن، گۈزەل خۇلق يېتىشىپ چىقىدۇ. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار پاك ھەم پاكىز بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى تازىلىق ئادەتلىرىنى جارى قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ساپاسىنى، مىللىتىمىزنىڭ ساپاسىنى كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى بولغان ئەۋلادلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ساغلام بەدەن، پاك، پاكىز، چىرايلىق ۋە ئىككىلا دۇنيادا بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن گۈزەل مۇھىت، ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بېرەيلى!

ئاللا بىزگە پاك ئىمان، باللارغا بەخت، ھىدايەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

# ئارىمىزدىكى بىدئەت ئەمەللەرنى يوقىتايلى

△ زۇلپىيە ئوسمان

ئىسلام دىنى مۇقەددەس دىن بولۇپ، 1400 يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ نۇرىنى يوقاتماي، كەڭرى ئالەمگە سېخىيلىق بىلەن چېچىپ، ھازىرغا قەدەر جەمئىيىتىمىزدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

ھازىر كۆپلىگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز كۈندىلىك تۇرمۇش، خىزمەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلەردە «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس» لەرنىڭ روھى بويىچە ئىش قىلسا، بەزى قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىچە پەتىۋا چىقىرىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىر قىسىم ئىسلام دىنىمىزدا يوق ئەمەللەرنى —بىدئەت ئەمەللەرنى پەيدا قىلماقتا.

توي-تۆكۈن ئىشلىرىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە، تويلۇق مېلىنى قىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ رەتتى. ئەڭ بەرىكەتلىك ئايال تويلۇقنى ئاز ئالغان ال بولۇپ، قىز تەرەپ خالىسا، ئوغۇللۇق تەرەپ كىلىپ بەرگەن تويلۇق پۇلنى سەرپ قىلىپ، اددىي-ساددا توي ئۆتكۈزەتتى. ئەمما ھازىر چېكىدىن ئاشقان بەزى ھەشەمەتچىلىك ئىشلىرىمىز ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، قىز تەرەپ تويلۇقنى كۆپلەپ سېلىش، توي-تۆكۈن داستىخانلىرىدا تىزىلغان گېزەك، يېمەك-ئىچمەك لىق بولمىسا، ئارقىسىدىن: قاراڭلار ئاشۇنداق پوچەك داستىخان سالامدۇ، دېيىشىپ، ھەتتا توي قىلىشتىن يېنىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار جەمئىيىتىمىزدە كۈندىن-كۈنگە ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ؛ بەزى يىگىتلىرىمىز توي قىلىشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھېلىقىدەك كۆپ پۇلغا يېتىشىپ بولالمىغاچقا، ئاتا-ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، يامان يوللارغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. توي ئىشلىرىمىزدا بەزى قېرىنداشلىرىمىز سۈننەت بويىچە ئىش قىلىپ، قۇربى يەتكۈدەك تويلۇق ئەكىلىپ، پەقەت توي كۈنى بىلەن يۈز ئاچقۇ كۈنى يەنى ناشتىلىقنى ئۆتكۈزسە، يەنە بەزى قېرىنداشلىرىمىز: "بىزنىڭ مانچە قۇدىمىز تۇرسا، ئالدىنقى باللىرىمىزنىڭ تويىنى، 15 كۈنلۈكنى ۋە ئاش سۈيىنى ئۆتكۈزگەن تۇرساق، بۇ تويدا ئاش سۈيى ئۆتكۈزمەي، 15 كۈنلۈكنىمۇ قىلمىساق، قۇدىمىزنىڭ ئالدىدا نېمىدېگەن سەتچىلىك" دەپ، ئاللادىن قورقماي، قۇدىسىدىن قورقۇپ، يەنىلا كونا قائىدە-يوسۇنلارغا يېپىشىۋېلىپ، ئىقتىسادىنىڭ يار بەرمىگەنلىكىگە قارىماي، باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ، مەن ئاۋۇ قۇدامدىن كېيىن قالامتىم، دەپ ھەشەمەتچىلىك بىلەن توي ئۆتكۈزۈپ بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلماقتا. ھەتتا ئارىمىزدىن بىرەر مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز ۋاپات بولسا، ھازىسىنى ئۇشۇتتۇق دەپ، رېستوراندا بىرمۇنچە قېرىنداشلىرىمىز يىغىلىشىپ، نومۇس قىلماي ھاراق ئىچىشىپ، كەيپ بولۇپ ئولتۇرماقتا.

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە **"ئاللا ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 286-ئايەت) دېگەن تۇرسا، بىز نېمىشقىمۇ ئاللانىڭ قانۇنىغا بويسۇنماي، كۈچىمىز يەتمەيدىغان ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز مالاللىق يەتكۈزىمىز؟ ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە يەنە مۇنداق دەيدۇ: **"(ئى مۇھەممەد!) قىلغان ئىشلىرىدىن (يەنى ھەقنى ياپقانلىقىدىن) خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز ئاللانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغىن، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ"** (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 188-ئايەت).

ھازىر جەمئىيەتتە، بەزى ئەر قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدە ئېپپەت-نومۇسنى ساقلاپ، جان كۆيدۈرۈپ ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىپ، ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقماي كېلىۋاتقان ئاياللىرىنى تاشلاپ قويۇپ، يات قىزلار بىلەن رېستورانلاردا، تانسىخانىلاردا ۋە باغچا-كىنوخانىلاردا ھاراق ئىچىشىپ، "ئاللا بىرەر قېتىم ئىچكەن ھاراقتىن ھېساب ئالماس، بىرەر قېتىم بىزگە ئوڭ كۆزى بىلەن قاراپ قويار" دېگەندەك كۇپرى گەپلەرنى قىلىشىپ، تاپقان پۇلىنى بۇزۇپ-چېچىپ (داۋامى 33-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئىززەت - ئېتىبارى توغرىسىدا

△ ئارزۇگۇل

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

ھەممىگە مەلۇم، ئىسلام دىنى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى، ھەقىقىي ئېتىقادنى، ھەققانىيەتنى، شەخسىيەتسىزلىكنى، ئىنسانىي باراۋەرلىكنى، ئۆزئارا مېھرىبانلىقنى، ئالىيجاب خىسلەتنى، ئىلىم-پەنگە بېرىلىشنى، روھىي، جىسمانىي ساغلاملىققا كۆڭۈل بۆلۈشنى، ئومۇمەن ئىنسانىيەت ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى ۋە گۈزەل پەزىلەتلەرنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر دىن، شۇنداقلا ئاياللار ئازادلىقىنى ۋە ئەركىنلىكىنى تەكىتلەپ ئاياللارنىڭ قەددىنى كۆتۈرگەن بىر دىن.

ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقىلىشتىن بۇرۇن دۇنيا ئاياللىرىنىڭ قىلچە ئورنى، ھوقۇقى يوق ئىدى، خېلى مەدەنىيەتلىك ھېسابلىنىدىغان يۇنانلىقلارمۇ ئاياللارنى پەس كۆرگەنلىكتىن، ئاياللارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ يىرگىنەتتى، ئاياللار مال-مۈلۈك بىلەن قوشۇلۇپ ئەرنىڭ مۈلكى ھېسابلىناتتى، ئاياللارنىڭ مىراسخورلۇق ھوقۇقى يوق ئىدى. بارلىق يامانلىقلار ئاياللارنىڭ شۇملۇقىدىن دەپ قارىلاتتى. پارسلارمۇ، يەھۇدىيلارمۇ، ياۋروپالىقلارمۇ ئاياللارنى ئىنتايىن خار كۆرەتتى، مال ئورنىدا ساتاتتى، ئەڭ پەس ئىشلارغا سالاتتى، كېسەل بولۇپ قالسا يىراقلارغا ئاپىرىۋېتەتتى، ئاياللار ئادەمنىڭ (ئادەم ئاتىنىڭ) جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىشىغا سەۋەب بولغان شەيتاننىڭ ئەۋلادى دەپ قارىلاتتى ... دېمەك، ئاياللار بارلىق خاتالىق، شۇملۇقلارنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىپ قاتتىق كەمسىتىلەتتى، مانا بۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى ئىدى.

ئىسلام دىنى دۇنياغا تارقالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۈيۈك ۋە ھېكمەتلىك شەرىئەت-مىزانلىرى ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئورۇن-مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دەپسەندە قىلىنىش تارىخىغا خاتىمە بەردى. ئىسلام دىنى ئاياللارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، مەجبۇرىيىتى، رولى قاتارلىقلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغدىدى، ئاياللارنىڭ ئىنسانىي شەرىپى ۋە ھەقلىق ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ۋە مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ھالدا مۇنتىزىم پرىنسىپلارنى بەلگىلەپ، ئىسلامىي مەجبۇرىيەتلەرنى پەرز قىلدى.

ئاللاتائالا ئىسلام قانۇنىدا ئاياللارنى ئەرلەر بىلەن ئوخشاش قىلدى. ئۇلۇغ ئاللاتائالا 49-سۈرە «ھۇجۇرات»نىڭ 13-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: **”ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر“**. ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دېگەن: **”ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگار ئىجابەت قىلدى: ’مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن‘ ...“** (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 195-ئايەت).

ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ئەرلەرنى ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلىشقا ھەم ئاياللىرىنى ئىززەتلەپ ئاسراشقا ئالاھىدە بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاتائالانىڭ كەلىمىسى مۇنداق: **”ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللىرىنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە**

**ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتۈشى كېرەك).**

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، نۆۋەتتە ئۆز دىنىمىزغا بولغان چۈشەنچىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن دىنىي مەجبۇرىيىتىمىزنى ھەقلىق يوسۇندا ئادا قىلىشىمىزمۇ ناھايىتى يېتەرسىز بولماقتا، جۈملىدىن، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئاياللارنى تۆۋەن كۆرىدىغان ئىللەتلىرى تا بۈگۈنگىچە (يەنى ئىسلام دىنى تارقىلىپ 15 ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتقا قەدەر) خۇددى قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەردەك ساقلىنىپ، ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇندەك داۋاملىشىپ كەلمەكتە، نۇرغۇن مۇسۇلمان ئاياللىرى يەنىلا كەمسىتىلىشتىن قۇتۇلالماي يۈرمەكتە. يەنە كېلىپ، بۇنداق ئەھۋال غەيرىي مۇسۇلمان مىللەتلىرىگە، ئىسلام دىنى ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، خورلايدىغان دىن دېگەندەك خاتا چۈشەنچە بېرىۋاتىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي، توغرا ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ كۆرسىتىۋاتىدۇ، بۇ ھەرگىز سەل قارايدىغان مەسىلە ئەمەس!

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممىتى بولغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەزىلەتلىك ئىش-ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئىسلام دىنىنى توغرا چۈشىنىش، چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

ئاللاتائالانىڭ قۇرئاندىكى كەلىمىلىرىدىن مەلۇمكى، ھاياتلىقتا، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئەرلەرنىڭ رولى چوڭ بولغىنىدەك، ئاياللارنىڭمۇ رولى چوڭ بولىدۇ، ئاياللار ئەرلەر تەرىپىدىن قوغدىلىشى، ئاسرىلىشى كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىدىمۇ ئاياللارنىڭ بەلگىلەنگەن (بەھرىمەن بولىدىغان) ھوقۇق-مەنپەئەتى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي روھى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بىراق بىر قىسىم چالا مۇسۇلمانلىرىمىز، قانۇندىن خەۋەرسىز گىرازدانلىرىمىز يەنىلا كونا سەنئەمگە دەسسەپ، گۇناھسىز ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھاياتلىق-تۇرمۇش يولىنى قاراڭغۇلاشتۇرماقتا. بەزىلەردە بارلىق ئايال زاتىنى كەمسىتىدىغان شۇنداق جاھىل، ناچار بىر كۆز قاراش باركى، ئۆزى ئەر بولغىنىدىن مەغرۇرلىنىپ ئايالىنى، قىزىنى، ھەتتا ئانىسىنىمۇ كەمسىتىدۇ، بىلىپ-بىلمەي خارلايدۇ. بىر ئوبدان ئائىلىسى بار بەزى ئەرلەر ئايالىنى ئازابلاپ، ئائىلىسىنى بۇزۇپ، بالىلىرىنى تىرىك يېتىم قالدۇرۇپ، تېخى خاتالىقىنى تەن ئالماي، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرۈيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا تېخى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللايدىغان، يانتاياق بولىدىغانلار خېلى كۆپ. ئۇلار ھەر دائىم ئايال خەقنى كەمسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھوقۇق-ئىمتىيازىنى پەقەت نەزەرگە ئالمايدۇ، ئۆزلىرىنى ھەمىشە كۈچلۈك، ئاياللارنى ئاجىز، بوزەك ھېسابلايدۇ. بۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە كەيپىيات مۇسۇلمان ئاياللىرىمىزنىڭ روھىي بېسىمىنى، ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچ، ئىناق تەرتىپىگە زور تەھدىت سېلىۋاتىدۇ.

مەلۇم بىر ئاھالە كومىتېتى تەۋەلىكىدىكى بىر ياش ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بەلگىلەپ بەرگەن "ھەر ئايدا 15 كۈندە بىر قېتىم ئازنىلىق قىلىش" تۈزۈمىگە ئېرىنىڭ خىلاپلىق قىلىپ 15 كۈندىمۇ بىر قېتىم ئازنىلىق قىلىشقا يول قويمىغانلىقىغا نارازى بولۇپ، 15 كۈن توشقاندا ئاتا-ئانىسىنى يوقلاپ كېلىشتە چىك تۇرغاچقا ئەرنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنمىغانلىق سەۋەبىدىن تىل-ھاقارەت ۋە قاتتىق تاياق زەربىسىگە ئۇچرىغان، ئەر تەرەپنىڭ داۋاملىق چوڭچىلىق قىلىپ ھەددىدىن ئېشىشى بىلەن زىددىيەت چوڭىيىپ، ئىلگىرى ئۇ ئايالنىڭ دائىملىق ئىتائەتمەنلىكى بىلەن ھەرھالدا ياخشى كېلىۋاتقان بىر ئائىلە بۇزۇلۇپ، سەككىز ياش ۋە ئون ياشلىق ئىككى پەرزەنتىمۇ تىرىك يېتىم قالغان.

يەنە بىر ئائىلىدە ياتلىق بولغىنىغا بىر يىل بولغان بىر ياش كېلىن ئېرى ۋە ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە مۇتلەق بويسۇنۇش نەتىجىسىدە ياخشىراق ھەم تولۇق ئوزۇقلىنىش ۋە ئارام ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماي روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەن. قىزىنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ ئەھۋالدىن ئاخىر خەۋەر تېپىپ قىزىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاجراشتۇرىۋالغان ۋە ئۇنى بىر مەزگىل داۋالىتىپ ئاران ئەسلىگە كەلتۈرىۋالغان.

بىر ياش ۋە ئۈچ ياشلىق ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولغان ياش بىر خىزمەتچى ئايال بولۇپ، خىزمەت، چوڭ ئائىلە، بالا، ئەردىن ئىبارەت تۆت تەرەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن چارچاپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھالسىزلىنىۋاتقان بۇ جاپاكەش ئايال بىر قېتىم قېيىن ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىر ئېغىز ئورۇنلۇق جاۋاب بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، قېيىن ئاتىغا گەپ ياندۇردى دېگەن گۇناھ بىلەن ھەيدىۋېتىلگەن. كېيىن ئەر تەرەپنىڭ تەكەببۇرلۇقى نەتىجىسىدە بۇ بىر ئائىلىمۇ بۇزۇلغان. بۇنداق ئىشلار ئەتراپىمىزدا تولىمۇ كۆپ، ئاياللىرىمىز ھېلىمۇ ئۇچراۋاتقان كەمسىتىلىش ۋە كۈلپەتلەرنى بىر-بىرلەپ دەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ھال ھەققانىيەتنى قوللىغۇچى ھەرقانداق بىر غۇرۇر ئىگىسىنى ئېچىندۇرىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ. ئاياللارنىڭ كەمسىتىلىشى ۋە خارلىنىشى ھازىرقى جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا سادىر بولماسلىقى كېرەك ئىدى، چۈنكى ھەقتائالا مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىققىلا بۇيرۇيدۇ.

ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: **"ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ ئاللانىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ-قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكى-تىندۇر"** (4-سۈرە «نىسا»، 34-ئايەت). **ياللارغا ۋە يېتىملارغا) قانداقلا ياخشىلىق قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (يەنى شۇنىڭغا ئاساسەن ئاللا سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ)"** (4-سۈرە «نىسا»، 127-ئايەت). بۇ ئايەتلەردىن مەلۇمكى، ئاياللار چوقۇم قوغدىلىشى، ئاسرىلىشى ھەم تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ ئادا قىلىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەجدە مۇنداق دېگەن: **"ئاياللارغا ئېتىبار بېرىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلىڭلار"** («سەھىھۇل بۇخارى» دىن). **"مۆمىن ئادەم ئۆزىنىڭ مۆمىن ئايالىغا غەزەبلەنمىسۇن، ئەگەر ئايالىنىڭ بىرەر ئەخلاقىدىن نارازى بولسا، باشقىسىدىن رازى بولىدۇ"** («سەھىھۇل مۇسلىم» رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ ھەدىسلەردىمۇ ئاياللارغا يول قويۇش ۋە ئېتىبار بېرىشنىڭ لازىملىقى تەكىتلەنگەن.

ئاللاتائالا ئاياللارغا ھەققەتەن كاتتا مەنپەئەت-ئىمتىيازلارنى ئاتا قىلغان. بۇنى قاچانغىچە چۈشەنمەيمىز؟ ئاياللار ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق-مەنپەئەتىدىن قاچانغىچە بەھرىمەن بولالمايدۇ؟!

ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز بارلىق مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك ھىدايەت ۋە بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

(بېشى 30-بەتتە) خەجلەۋاتىدۇيۇ، ئەمما يېتىم-يېسىر، توكۇر-مېيىپلارنى كۆرسە، ئۇلارغا ئازراق سەدىقە بېرىشكە چىدىماي، ئۇلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

بەزى قىزلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ چىرايىغا ئىشىنىپ، نەچچە بالىسى بار ئوغۇللار (ئەرلەر) نى كۆرسە، ئۆزىنى تۇتالماي نەپسى خاھىشىغا بېرىلىپ، ئەرلەرنىڭ ئىناق ئائىلىسىگە سوغۇق سۇ چېچىپ ئائىلىسىنى بۇزۇۋاتىدۇ. ئەجەبا ئاشۇ قىزلار كەلگۈسىدە ئاشۇ يىگىتلەرنىڭ ئايالىدەك ئاتا بولىدىغانلىقىدىن، پەرزەنتلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش بولۇپ قېلىشىدىن ئويلىمامدۇ؟

ئىسلام دىنىدا ئاياللارنى ئاسراش كېرەكلىكى ئېنىق ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئەرلىرىمىز ئاياللىرىنى ئاسرىماي، ئاچچىقى كېلىپ قالسا ئۆزىنى باسالماي ئايالىنى ئۇرۇپ دۇمبالاۋاتىدۇ.

مەن ھەربىر كوچىغا چىققاندا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، خۇددى يۇرتىمىزنىڭ ئىس-تۈتەك ئىچىدە قېلىپ، كىشىلەرنىڭ چىقىش يولى تاپالماي گاڭگىراپ قالغاندەك تېڭىرقاپ يۈرگەن قىياپىتىنى كۆرگىنىمدە، بىر تەرەپتىن مىللىتىمگە ئېچىنسام، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيىتىمىزدىكى ئىسلام ئاياللىرىغا، جۈملىدىن پۈتۈن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمغا ھەقسىز كۇرس ئېچىپ، چاڭقىغان دىللىرىنى ئىسلام نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىسلام ئاياللىرىدەك بولۇشىغا، شۇنداقلا پەرزەنتلىرىنىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ روھى بويىچە تەربىيىلەپ، ئىسلام دىنىدا يوق بولغان بىدئەت ئەمەللەرنى يوقىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىشكە، ئىسمى جىسمىغا لايىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بىر كىشىلىك تۆھپەمنى قوشسام دەيمەن ھەم شۇنداق بولۇشىنى ئۇلۇغ ئاللادىن كېچە-كۈندۈز تىلەيمەن.

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)

# مىللىتىمىزگە مەسلىھەت

△ ھۆسەنجان تۇرسۇن

جاھان تەرەققىياتىنىڭ سۈرەلمىلىككە شىددەت بىلەن ئوت ئېچىشى نەتىجىسىدە ھازىر ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر تەرەققىيات يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتىدۇ. دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد: "ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان ھەرقانداق مىللەت ھازىرقى زامانغا لايىق مىللەت بولالمايدۇ" دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن؛ خەلقىمىزدە "تەدبىرىڭ قانداق بولسا تەقدىرىڭ شۇنداق بولار" دېگەن ھېكمەت بار. ھالبۇكى، ھەرقانداق كىشى ھەرقانداق بىر مىللەت گۈللىنىشى، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن يىراق كەلگۈسىنى كۆرەلىشى، ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئىزدىنىشى، ئۆزلىرىدىكى ئىللەتلەرنى تازىلىشى، ئالغا بېسىش يولىدا زۆرۈر بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك.

دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما نامرات رايون ۋە نامرات ئائىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت؛ ئۆزىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق، مىللىتىمىزنىڭ ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىكى قىسمەن ھالىدىن ئېچىنماي تۇرالمايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە قۇرامىغا يەتكەن پەرزەنتلەرنىڭمۇ ئاتا-ئانىسىغا يۆلىنىۋېلىشى ئېغىر بولغاچقا، ئاتا-ئانىلارنىڭ يۈكى ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، يەنە كېلىپ، "كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال" دېگەندەك نامۇۋاپىق قائىدە-يوسۇنلىرىمىزمۇ خېلى كۆپ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئارىمىزدىن بىر قىسىم كىشىلەر تېرىسىگە سىغمىغان ھالدا ئىككى نان تاپسا ئۇنىڭ بىرىنى داپ قىلىپ چالغىلى تۇردى، يەنى ئۇلار توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغ ۋە مېھمان چاقىرىش ئىشلىرىدا مەنمەنچىلىك قىلىپ، توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغلارنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، ئىسراپچىلىقتا چەكتىن ئېشىۋاتىدۇ، نامۇۋاپىق قائىدىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، مۇسۇلماندارچىلىقتا ياكى ئۆرپ-ئادەتكە ياتمايدىغان قىلىقلارنى پەيدا قىلىپ، ئەمدىلا بېلىنى رۇسلاۋاتقانلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋاللار تۈزىتىلمىسە، مىللىتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىدىن ئېغىز ئېچىش تەس. چۈنكى ئىقتىساد گۈللىنىشكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئامىل.

ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىق، مەنمەنچىلىكتىن ئىبارەت بۇ خاھىش، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ۋە مېھماندارچىلىقىمىزدا، بولۇپمۇ توي-تۆكۈنلىرىمىزدە بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، بۇ خاھىش بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ "توي ئۆمۈرلۈك ئىش"، "بۇ ئىش ئۆمرىمىزدە بىر كەلدى"، "كىشىلەرنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالاتتۇقمۇ"، "مەن ئۇنىڭدىن قالامتىم"، "ئۇ كىم، بىز كىم"، "سەت تۇرىدۇ" دېگەنگە ئوخشاش بىمەنە قاراشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان.

## بىرىنچى، توي ۋە مەرىكىلەر

1. **قىز-ئوغۇللارنىڭ نىكاھلىنىش تويى.** بۇ ئىككى ياشنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى بولۇپ، ئومۇمەن چاي ئۇچۇرۇش(قىزنىڭ بېشىنى باغلاپ قويۇش)، تويلۇق سېلىش، مەسلىھەت چېيى ئۆتكۈزۈش، نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى ئېلىش، ئاش-سۇ ئاپىرىش، توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈش، قىز كۆچۈرۈش، ۋېچىركا ئۆتكۈزۈش، چىللاق (15 كۈنلۈك) قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. (بەزى رايونلاردا بۇ باسقۇچلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئورۇندۇلۇپ، ھەربىر باسقۇچتا سوۋغات-سالام بەجا كەلتۈرۈلىدۇ ۋە مېھماندارچىلىقلار بولىدۇ). بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان يېمەك-ئىچمەك ئىسراپ بولغاندىن سىرت، چىقىممۇ كۆپىيىدۇ، ئومۇمەن قۇدىلاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ 60 پىرسەنت

خىراجىتى مېھماندارچىلىق ۋە سوۋغات-سالام بىلەن ياكى بۇزۇپ-چېچىش بىلەن تۈگەيدۇ. بۇلار ئەمەلىيەتتە ئىسراپچىلىقنى، مەنمەنچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن باشقا، يەنە تەمەخورلۇقنى، دوستانە قاقتى-سوقتى قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. نەتىجىدە ئىككى تەرەپتىن نەچچە ئون مىڭ يۈەن خەجلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە توي بولغان ئىككى ياشقا قارىغۇدەك بولساق، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرمۇش لازىمەتلىرىنىڭ تايىنى بولمىغانلىقتىن ئىككى ياش ئۇۋۇتىدۇ. ئېغىر بولغاندا ئۇلارنىڭ تويدىن كېيىنكى ئۆمرى يوقنى بار قىلىش ياكى قەرز قايتۇرۇش بىلەن ئۆتۈپ، توي خۇشاللىقلىرىدىن ئەسەر قالمايدۇ، ھەتتا شۇ سەۋەبلىك ئاجرىشىپ كېتىدۇ.

مەلۇم بىر ئورۇندا مۇنداق بىر ئىش بولغان. ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە ئاش-سۇ ئاپىرىش سەۋەبلىك 30 مېھمان ئەكەلگەن، مېھماندارچىلىق چىرايلىق داۋاملىشىپ شورپا تارتىلىش ئالدىدا، ئوغۇلنىڭ دادىسى قىزنىڭ دادىسىغا: ”مەن كۆپ يەرلەرگە بېرىپ مېھمان بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سورۇندا سەككىز قۇدام بار، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇۋۇتۇپ قالماي، شۇڭا قۇدامنىڭ ھەربىرىگە بىردىن سان (قوينىڭ ئارقا پۇتى) تارتىلسا“ دېگەن. قىز تەرەپ دەرھال سەككىز پارچە سان ئەكىرىپ پىشۇرۇپ ”بۇيرۇق“نى بەجا كەلتۈرگەن. مېھمانلار ئۇزاشتىن بۇرۇن دۇئا قىلغاندىن كېيىن، قىزنىڭ دادىسى مېھمانلارغا ”مەن بۇ يىلقى تىجارىتىمنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن ئىدىم، بۈگۈنكى بۇ مېھماندارچىلىق شۇ زاكىتىمغا ھېساب، بۇ تويىنى قىلمايمەن“ دەپ يېنىشىپ كەتكەن. مانا بۇ بىر خىل ئېتىرازنىڭ ھەم دوستانە قاقتى-سوقتى قىلىشنىڭ دەلىلى.

دېمەك، شۇنچە كۆپ پۇل ۋە مەنمەنچىلىك، ھەشەمەتخورلۇق، ئىسراپچىلىق، مېھماندارچىلىق، سوۋغات-سالاملاردىن ياخشى نەتىجە چىقمايلا قالماستىن، بەلكى بۇنداق ئېغىر سىرتماقتىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغان كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلار شۇ سەۋەبلىك ئوغۇللىرىنى ئۆيلىيەلمەيۋاتىدۇ ياكى قىزلىرىنى ياتلىق قىلالمايۋاتىدۇ. نەتىجىدە جەمئىيەتتە تۈرلۈك بۇزۇقچىلىق يامراپ مىللىتىمىزنىڭ ھۆرمىتى، غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلۇۋاتىدۇ.

2. بۆشۈك تويى—بۇ ئەسلىدە دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان بوۋاقنى تەبرىكلەش، ئانىنىڭ سالامەت يەڭگەنلىكىنى قۇتلۇقلاش ۋە يوقلاشتىن ئىبارەت ئەقەللىي ۋە ئاددىي مەرىكە ئىدى. ھازىر بولسا بۇ مەرىكە مەجبۇرىيەتكە ئايلىنىپ، ئالاھىدە چوڭ قازان ئېسىلىپ تۈرلۈك تائاملار تارتىلىدىغان، سوۋغات-سالام قىلىنىدىغان ”توي“ دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

3. ”خەتنە“ تويى—بۇ ئىسلامىيەتتە يەتتە ياشقا تولغان مۇسۇلمان ئوغۇلنىڭ خەتنىلىكىنى كېسىپ ئېلىۋېتىشتىن ئىبارەت ”سۈننەت“ بولۇپ، ئاتا-ئانىلار بۇ سۈننەتنى ئادا قىلغانلىقىنى مەھەللە ۋە ئۇرۇقلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنى چاقىرىپ چاي بېرىش ئىدى، لېكىن ھازىرغا كەلگەندە، بۇ ئىش كۈندىن-كۈنگە چېچەكلەپ توي تۈسىنى ئالدى. مېھمان چاقىرىشتا تونۇغان-تونۇمىغان كىشىلەرنى چاقىرىپ، ”ناھىيە“، ”ۋىلايەت“، ”ئوبلاست“ دەرىجىلىك توي ۋە مەرىكە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.

### ئىككىنچى، نەزىر-چىراغلار

ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى ھەرقايسى مىللەت ئۆزلىرىنىڭ ئادەتلىرى بويىچە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، دىنىي ئەقىدە يۈزىسىدىن ياكى ھازىدارلارغا تەسەللىي بېرىش يۈزىسىدىن بولسۇن تەكلىپ قىلىشنى تەلەپ قىلماي ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن بولسىلا مېيىت ئۇزىتىشقا قاتنىشىدۇ. يەنى مېيىتنىڭ ئاخىرەتلىكىنى بىر تەرەپ قىلىش، نامىزىنى چۈشۈرۈش، يەرلىكىگە قويۇش ۋە ئۆلۈم پەتىسى قىلىش قاتارلىقلارغا كۆپىنچە خالىس قاتنىشىدۇ. مانا بۇ بىزدىكى ناھايىتى ياخشى خىسلەت. ئەمما ”ئۈچ نەزىرى“، ”يەتتە نەزىرى“، ”ئازنا ئاخشىمى“، ”قىرىق نەزىرى“، ”يىل نەزىرى“دىن ئىبارەت نەزىرە باسقۇچى (ياغ پۇرىتىش) دۇئا-تىلاۋەت قىلىشنى ئاساس قىلغان باسقۇچ بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي

مەقسەتتىن ھالقىپ ئىسقات تارقىتىش، ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەن ئاياللارغا رەخت قويۇش (بەزىدە يىراقتىن كەلگەن ئەرلەرگىمۇ رەخت قويۇلىدۇ)، باشقىلار ئۆلۈم ئىگىلىرى (ھازىدارلار)نىڭ ھازىسىنى ئۇشتۇش، كەڭ كۆلەملىك نەزىر بېرىش، سوۋغات-سالام قىلىشلار مەۋجۇت (قەشقەر شەھىرىدە بولسا، نەزىر ئۆتكۈزۈش ئاساسەن پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەندى). نەتىجىدە ھازىدارلارنىڭمۇ، ھازا ئۇشتۇغۇچىلارنىڭمۇ بىلى ئۇشتۇلىدىغان بولدى.

ئىسلام دىنىدا "ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم كەمبەغەللىشىپ قالمايدۇ"، "ئىسراپ قىلماستىن ۋە چوڭچىلىق قىلماستىن يەڭلار، ئىچىڭلار، كىيىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار" دېگەن تەلىم بار. دېمەك، ئىسلام دىنىمۇ ئىسراپچىلىقنى پەقەت راۋا كۆرمەيدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ بىرمۇنچە ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز، قائىدە-يوسۇنلىرىمىز ئاللا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئەمەس. ئۆز قولىمىز بىلەن شەكىللەندۈرگەن قائىدىلىرىمىزنى تۇرمۇشىمىزنىڭ، زاماننىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى يەنە ئۆز قولىمىز بىلەن ئاددىيلاشتۇرساق، ئۆزگەرتسەك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر شۇنداق قىلساق بىرىنچىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە روناق تاپالايمىز، ئىقتىساد گۈللىنىسە مىللەتمۇ گۈللىنەلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، نۇرغۇن ئىسراپچىلىقتىن، ئاۋارىچىلىقتىن، تەمەخورلۇقتىن قۇتۇلىمىز. شۇڭا مىللىتىمىزگە تۆۋەندىكىچە مەسلىھەت بېرىپ ئۆتمەكچىمەن:

1. مىللىتىمىزگە پايدىلىق قائىدىلەر بولسا قوللاپ بېيىتساق، ناچار قائىدە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانمىساق؛

2. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالىمىزغا قاراپ ئىش تۇتساق؛"سەت تۇرىدۇ"، "مەن كىم، ئۇ كىم"،"ئۇنىڭدىن مەن قالامتىم" دەيدىغان رەقىبلەرچە پوزىتسىيىنى بىر-بىرىمىزگە قوللانمىساق؛ دورامچىلىق قىلىپ بوي يەتمىگەن شاپتۇلغا ئېسىلىپ نابۇت بولمىساق؛ بىر كىشىنىڭ چوڭ ئىش تۇتقان ياكى كىچىك ئىش تۇتقانلىقىنى باھالاپ زىددىيەت ئۇرۇقى چاچىدىغان ۋە خۇنۇكلەشتۈرىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى قىلمىساق.

3. توي ئىشلىرىمىزنى سودلاشتىق، قاتتىق-سوقتىغا ئايلاندۇرۇۋالماي، ھەقىقىي رەۋىشتە ئىززەت-ئىكرام قىلىشىپ، توي مەرىكىسىنى ھەشەمەتلىك، ئىسراپخورلۇق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاددىي-ساددا، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزسەك؛ توي باسقۇچلىرىدىكى تەكرار مېھمان چاقىرىش، سوۋغات-سالام قىلىشتەك "ئىززەت-ئابرۇي"نى ئاز قىلساق.

4. قۇدىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئۆزئارا كېلىشىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ تويىغا ئاتىغان پۇللىرىنى جۇغلاپ، قىزنىڭ تويلۇقىنى مۇۋاپىق بېكىتىپ، ئاددىي توي ئۆتكۈزۈپ، قالغان پۇلغا تويلاشقان ئىككى ياشنىڭ يېڭى ئۆيىگە مەنقۇلات ئېلىپ بەرسەك ھەمدە قىزنى ئۆز يارىشىقىدا يۆتكىسەك. بۇنداق بولغاندا، مەرىكە رەتلىك، كۆڭۈللۈك، ئىخچام، خۇشال كەيپىيات بىلەنلا ئۆتۈپ قالماستىن، بەلكى ئىككى ياشنىڭ ھەقىقىي بەختلىك تۇرمۇشىنى بەرپا قىلغىلى، ئىقتىسادنى تېز ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ئاتا-ئانىلارنىڭ شۇنداقلا باشقىلارنىڭ سېلىقىنىمۇ يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ.

5. نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدا ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، "بەل ئۇشتۇلىدىغان" ياكى ئەۋرىتىمىز ئېچىلىپ قالىدىغان ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ياغ پۇرىتىشنى ھەقىقىي مەقسەت قىلىپ، كەڭ-كۆلەمدە نەزىر قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالساق؛ ئەگەر مەرھۇم ئۇچۇن كەپرەك پۇل سەرپ ئېتىپ ساۋابلىق ئىزدەشنى مەقسەت قىلساق، ئۇنى نامرات-مىسكىن، تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىر، ئاجىز-مېيىپ كىشىلەرگە ياردەم قىلساق؛ بۇنداق نەزىردىن ئەرۋاھمۇ، مېيىپ-ئاجىزلارمۇ، جەمئىيەتمۇ خۇش بولىدۇ.

6. "سۈننەت توي"، "بۆشۈك توي"دىن ئىبارەت تويلارنى ئىخچاملاپ، ھەر ئىككى تەرەپ (توي قىلغۇچى بىلەن تويغا كەلگۈچى)نىڭ سېلىقىنى يوقاتساق؛

7. ئالدى بىلەن چوڭ (ئىقتىسادى چوڭ، تەسىرى چوڭ، ئەمەلى چوڭ، ھۆرمىتى چوڭ)لار

www.uyghurkitap.com

باشلامچىلىق بىلەن توي-نەزىر ئىشلىرىنىڭ ئاددىي-ساددا يولىنى كۆرسىتىپ، "كىچىكلەرنى" خۇش قىلسا ياكى ئاددىيلىقنى تەشەببۇس قىلسا، بۇنداق قىلغاندا كىشىلەر ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەسىرىمۇ چوڭ بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ قەلب تۆرىدە ھەقىقىي "چوڭ"لارغا ئايلىنىدۇ؛

8. كۆپنى كۆرگەن-بىلگەن، چەت ئەللەرگە چىقىپ جاھان كۆرگەن، ھەج-ھەرەم قىلغان، مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەردە ئوقۇپ ئالىي بىلىم ئالغان كىشىلەر، زىيالىيلار ئۆزلىرىنىڭ جان قايغۇسى نام شۆھرىتى بىلەنلا قالماي، ياخشى ئەخلاق-پەزىلەتلىرى، تەكلىپ پىكىرلىرى، خەيرلىك پايدىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن مىللەتنى تەمىن ئېتىپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرسا، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇپ مىللەتكە ياخشى يول باشلىغۇچىلاردىن بولسا؛

9. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ پەن-مەدەنىيەت ئۆگىنىپ، زامانغا لايىق مىللەتلەردىن بولۇش ئۈچۈن تىرىشساق.

**(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەردىن ئىشلىرى باشقارمىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# كىشىنى ئويغاتقان كاتتا سۆز

**△ ئابلىمىت قۇربان ھاجى**

بىرەر مېيىت بولسا، تاۋۇتنى كىشىلەر كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئەپ بېرىش مۇسۇلمانلاردا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادەت. كىشىلەر تاۋۇتنى ئالمىشىپ كۆتۈرىدۇ، ھەممە كىشى تاۋۇتنىڭ بىر تەرىپىنى ئازراق بولسىمۇ كۆتۈرۈۋالاي دەپ، ئۆلگۈچى كىشىگە بولغان ساداقەتلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، لېكىن مورى ناھىيە بازىرىنىڭ قەبرىستانلىقى بازار ئىچىگە ئانچە يىراق ئەمەس تۇرۇقلۇق يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى ھەشەمەتلىشىپ، تاۋۇتنى ماشىنىغا سالىدىغان كىشىلەر كىچىك پىكاپ ۋە ئاپتوبۇسلارغا چۈشۈپ، مېيىتنى ماشىنىلار سەپ تارتىپ ئەپ ماڭىدىغان ئىشلار باش كۆتۈرۈپ قالدى. قولىدا ئىقتىسادى بارلارغۇ شۇنداق قىلسۇن، قولىدا ھېچنېمىسى يوق، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئاز، ئاجىز كىشىلەر قانداق قىلىدۇ؟ مېيىتنىڭ ئىگىسى ئۆلگۈچى ھايات چېغىدا ئۇنى دوختۇرغا داۋالىتىش، ئۆلگۈچى جان ئۈزگەندە يىراق-يېقىندىكى تۇغقانلىرىنى چاقىرىش، يەرلىك قازدۇرۇش، قەبرە يېرىگە پۇل تۆلەش، مېيىتنى يۇيۇپ-تاراپ، يەرلىككە قويۇش ۋە نەزىر-چىراغلىرىنى ئۆتكۈزۈشتەك بىر قاتار ئىشلارغىلا نۇرغۇن چىقىم قىلىپ، ھەتتا قەرزدارمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇپ، ئەمدى مېيىتنى ئەپچىقىشقا ماشىنىلار سەپ تارتىپ ماڭسا، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئېككىنچىبىر ئاپەت.

بۇ يىل 6-ئاينىڭ 9-كۈنى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى سادەم ياسىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمى ۋە مېيىت نامىزىغا نۇرغۇن كىشى قاتناشتى. مېيىت تاۋۇتنى ۋە كىشىلەرنى ئەپ مېڭىشقا نۇرغۇن پىكاپ، ماشىنا، ئاپتوبۇسلار سىرتتا تىزىلىپ كەتكەنىدى. سانجى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مورى بازىرى ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ياش ئىمامى ئابدۇللا ئابابەكرى مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، تاۋۇت ئالدىغا چىقتى-دە، مېيىت نامىزىغا قاتناشقان ياشلارنىڭ شۇنچە كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سادەم مۇئەللىم ئوقۇتقان شاگىرتلار ئىكەنلىكىنى بايقاپ: "بۈگۈنكى مېيىت نامىزىغا كەلگەن ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى مەرھۇمە سادەم مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆز ئۇستازىنى يەرلىككە قويغىلى كەلگەنلىكى ئۇستازىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنداقتا بۈگۈن بۇ شاگىرتلار ئۇستازىنىڭ تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئەپ چىققاي" دېدى. بۇ سۆز پۈتۈن جامائەتنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ياخشى سۆز بولدى. بۇ شاگىرتلار تاۋۇتنى تالىشىپ كۆتۈرۈپ، يېرىم سائەتكە قالماي قەبرىستانلىققا ئەپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، بۇندىن كېيىنمۇ تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا يول ئېچىلىپ، مېيىتنى ماشىنىغا سېلىپ چىقىدىغان ئىشلارنى توسۇش ۋە كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىينىلىدىغان ئەھۋاللىرىنى يەڭگىللىتىش شارائىتى يارىتىلدى.

# يورۇقلۇق ئەلچىسى

— مەملىكەت بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دوختۇر، كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش مۇتەخەسسىسى ھەدىيە ھاشىم توغرىسىدا

◆ ھەجەر سابىت، ئەنۋەر مۇھەممەت

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پەخرى ھەم غۇرۇرى، جۇڭگو بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كۆز دوختۇرى ھەدىيە ھاشىم كۆپ يىللاردىن بۇيان جاپالىق ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە كلىنكىلىق داۋالاش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆزىدە ھەر خىل كۆز بىمارلىرىنى داۋالاپ ساقايتالايدىغان ئاجايىپ ئىقتىدار ۋە خىسلەتنى يېتىلدۈرۈپ، مۇشۇ چاغقىچە نەچچە مىڭلىغان بىمارنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتىپ، ھەر مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا "يورۇقلۇق پەرىشتىسى" دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە.

ھەدىيە ھاشىم 1953-يىل 2-ئاينىڭ 17-كۈنى دۇنياغا كۆز ئاچتى. 1960-يىلى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەچكە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى قارا شەھەردە ئوقۇدى. 1969-يىلى 16 يېشىدا ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ ئاكتىپ ئىشلەپ 71-يىلى پارتىيىگە كىردى، 1972-يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرغان ئالىي تېخنىكومغا قوبۇل قىلىنىپ، 1975-يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجىدە پۈتتۈردى ۋە خىزمەتكە چىقىپ، بىر يىلدىن كېيىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جۇڭچىڭدىكى 3-تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى ھەمدە 1980-يىلى 2-ئايدا، بۇ مەكتەپنىمۇ ئەلا نەتىجىدە پۈتتۈرۈپ، لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسىنىڭ كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندى، بۇ يەردە ئۈچ يىل ئىشلىگەندىن كېيىن يەنە شىنجاڭ تېبابەت ئىنستىتۇتىنىڭ كۆز بۆلۈمىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇردى، كېيىن تيەنجىن، چېڭداۋ قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ ھەر خىل كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش كەسپىدە مەخسۇس تەربىيىلىنىپ، كەسپىي بىلىم سەۋىيىسى ھەم قابىلىيىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ باردى. 1990-يىل 9-ئايدىن 1991-يىل 10-ئايغىچە ئۇ يەنە گۇاڭجۇ جۇڭشەن دوختۇرخانىسىنىڭ كۆز بۆلۈمىدە بىلىم ئاشۇردى، ئۇستازلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ھەم ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا كۆزدىكى ئاقنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى ۋە كۆز گۆھىرىگە سۈنئىي كرىستال سېلىش ئوپېراتسىيىسى قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، پىششىق ئىگەللىدى. ئۇ قەيەردە بىلىم ئاشۇرسا، شۇ يەردە بېرىلىپ ياخشى ئۆگەنگەچكە، ئۆزىمۇ چېۋەر، چاققان بولغاچقا ئۇستازلىرى كېيىنكى قارارلىق كۇرسانتلارغا ئۇنى ئۈلگە قىلىپ، "شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئايال ھەدىيە خانىم ئوپېراتسىيىنى ناھايىتى ئوبدان ئۆگەندى، ئۇنىڭ مېڭىسى ئۆتكۈر، قولى چاققان ئىكەن" دەپ ماختاپ بەردى.

ھەدىيە خانىم ئارقا-ئارقىدىن بىلىم ئاشۇرۇپ كۆز دوختۇرلۇقىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرى ۋە ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ ئەمەلىي ماھارىتىنى پۇختا ئىگەللەپ، 1991-يىلدىن باشلاپ كارامىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىشقا، يورۇق دۇنيانى روشەن كۆرەلمەي، تۇگمەس-پۈتمەس روھىي بېسىمغا يولۇققانلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىشقا باشلىدى.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەرلىك كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ھەدىيە خانىم بۇ ئەھۋالنى بۇرۇنلا بايقاپ، ئۆزىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلغان ۋە كۆڭلىدە بۈيۈك بىر ئىرادە تۇرغۇزغانىدى، ئۇ ئاشۇ يۈكسەك بۇرچ

www.uyghurkitap.com

تۇيغۇسى، كۈچلۈك كەسپىي قىزغىنلىقى ۋە كۆز بىمارلىرىنىڭ ئازابىغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئۆزىگە يېڭىلمەس روھىي كۈچ قىلىپ، زىمىستان سوغۇقلىرىغا، تومۇز ئىسسىقلىرىغا قارىماي يېزا-قىشلاقلارغا بىرنەچچە قېتىم بېرىپ، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ، يەرلىك كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، ئېغىرلىشىش ۋە تارقىلىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى، ئىلگىلىگەن ماتېرىياللىرىنى كېچىلىرى ئۇخلىماي رەتلەپ تەتقىق قىلدى.

ھەممەيلەنگەن مەلۇمكى، ئىنسانغا تاشقى مۇھىتتىن كېلىدىغان ئۇچۇرنىڭ تەخمىنەن 90 پىرسەنتى كۆزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىدىن كېلىدۇ. كۆرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغانلارنىڭ قاتتىق ئازابىنى كۆزى ساق ئادەمنىڭ چۈشىنەلىشى تەس، ھالبۇكى، ھەدىيە بىر كۆز دوختۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئازابىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى، ھەر قېتىم يېزا-قىشلاقلارغا بارغاندا ياكى دوختۇرخانىدا كېسەل كۆرگەندە، كۆرۈش ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلارنىڭ ئازابلىق چىرايىنى كۆرگەندە ۋە ئۇلارنىڭ كۈندىلىك نورمال ھەرىكىتىنىڭمۇ غايەت زور توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ھەرقانداق بىمارغا ئىچى ئاغرىپ كېتەتتى، بولۇپمۇ تۇغۇلۇشىدىنلا كۆزىدىن مەسىلە چىققان بوۋاقلارنى، ياپياش تۇرۇپلا يورۇق دۇنيانى ئوچۇق كۆرۈشتىن مەھرۇم قالغان ۋە ئازابقا پاتقان ياش ئۆسمۈرلەرنى كۆرگەندە يۈرىكى پىچاق تىلغاندەك ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش كېلەتتى، ئۇلارنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا يورۇق دۇنيانى كۆرسىتىش ئىستىكى بارغانچە كۈچىيەتتى.

”يورۇقلۇق بىر ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتىدىكىلا مۇھىم“ دەيدۇ ھەدىيە دائىم. ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئادەم تېنىدىكى مۇھىم ئەزا كۆزنىڭ كارامىتىگە قىزىقىپ قالغانىدى. چۈنكى ھەربىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە، ئۇ جۇڭگو ۋېيتنام ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ كۆزى يارىلانغان ئەسكەرلەرنىڭ شۇ ئۇنىۋېرسىتېت قارمىقىدىكى دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ياش تۇرۇپلا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولغانىدى، چۈنكى يورۇقلۇقتىن ئايرىلغان تۇرمۇش ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ قاباھەتلىك ئىدى. ھەدىيە خانىم شۇنىڭدىن كېيىن كۆز كېسەللىنى داۋالاش كەسپىگە تېخىمۇ قىزغىن ھەم چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، مۇشۇ ساھەدە توختىماي ئۆگەندى، ئىزدەندى ۋە قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇپ باردى؛ ئۇنىڭ 16 ياش چېغىدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان ۋاقتىدىلا يېتىلدۈرگەن جەڭگىۋار روھىنى، قەيسەر ئىرادىسىنى تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە ھەرخىل بېسىملارمۇ بويسۇندۇرالمىدى. كۆز دوختۇرلۇقىنىڭ تېخنىكا-ماھارەتلىرىنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق تېببىي ئىنستىتۇتلاردا بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا بولسۇن، خىزمەت ۋاقتىدا بولسۇن ياكى چەت يېزا-قىشلاقلاردا كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا يەرلىك نامرات ئائىلىلەر ئارىسىدىكى كۆز كېسەللىرىنى كۆرۈپ داۋالاش داۋامىدا بولسۇن، ھەدىيە ئالدىراشچىلىق ئىچىدە بەزىدە ئاچ-توق يۈرۈپ قالدى، ئۆيىدە قالغان ئىككى كىچىك ئوماق قىزىغا ئوبدان قارىيالمىدى، ئۇ ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر ۋە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىشلار شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، ئۇ ئايلاپ-يىللاپ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە يۈرۈپ، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش ۋە ئىشلەشكە كۆنۈپ كەتتى، شۇنچە جىق شەرەپلىك ئىش ۋە مۆجىزىلەر ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسى، سەۋرچانلىقى، تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا بىر-بىرلەپ مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. ئائىلىسىمۇ، تەشكىلمۇ، دوستلىرى، تونۇش-بىلىشلىرىمۇ ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىملىقىنى بىلگەچكە ئۇنى قوللايتتى ھەم ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل ئىدى، ھالبۇكى، قاباھەتلىك كۆز كېسىلىدىن قۇتۇلۇپ قايتا يورۇقلۇققا ئېرىشكەن سانسىزلىغان بىمارلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان يۈكسەك قايىللىقىنى ۋە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز رەھمىتىنى بىر-بىرلەپ دەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

1993-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى قارىمىقىدىكى نۇرباغ نېفت دوختۇرخانىسى رەھبەرلىرىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىشى بىلەن ھەدىيە بۇ دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ كەلدى ۋە بەش ئەزا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەدىيە ئاۋام خەلققە كۆپرەك بەخت يارىتىش ئۈچۈنلا ھەربىي رايون باش دوختۇرخانىسىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن ۋاز كېچىپ بۇ دوختۇرخانىغا ئالمىشىپ كەلگەنىدى. ئۇ يېڭى خىزمەت ئورنىدىمۇ قىيىنچىلىققا چىداپ ئىشلىدى. ئەمما بەزىبىر قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي بولمايتتى، ھەدىيە يەنىمۇ ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىسىگە تەقەززا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەكلىپ-پىكىرلىرىنى دوختۇرخانا رەھبەرلىكىگە ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بېيجىڭغا بېرىپ ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ھەدىيەنىڭ بىۋاستە مەسئۇللىقىدا نۇرباغ نېفت دوختۇرخانىسى 1994-يىلى 11-ئايدا بىر يۈرۈش ئىلغار ئۈسكۈنە—ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق ئىمۇلسىيىلەندۈرۈش ئاپپاراتى كىرگۈزدى. خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە، 320 مىڭ يۈەنلىك قىممەتكە ئىگە بۇ ئۈسكۈنىنى ئىشلىتىشنى ھەدىيە شۇ ئۈسكۈنە كىرگۈزۈلۈشتىن ئىككى ئاي ئاۋۋال چىڭداۋ شەھەرلىك كۆز دوختۇرخانىسىدا ئىگەللەپ بولغانىدى. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ ئۈسكۈنىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئاۋۋال ھايۋانلارنىڭ كۆزىدە سىناق قىلدى، ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ ئۈسكۈنىدىن پايدىلىنىپ بىمارلارنىڭ كۆزىنى ئىشەنچلىك ھالدا داۋالاشقا باشلىدى ۋە دەسلەپكى بىر يىلدىلا دوختۇرخانىغا 900 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، نۇرباغ نېفت دوختۇرخانىسىنىڭ كۆز بۆلۈمى مۇدىر ۋاراچ ھەدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق ئىمۇلسىيىلەندۈرۈش ئوپېراتسىيىسى، كۆزدىكى ئاقنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، كۆز گۆھىرىگە سۈنئىي كرىستال سېلىش ئوپېراتسىيىسى، كۆزدىكى غەيرىي ماددىلارنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى ۋە باشقا كۆز كېسەللىكلىرى ئوپېراتسىيىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى، دوختۇرخانىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىمۇ ئاشتى. ھەدىيە بۇ داۋالاش تېخنىكىسىنى بىمارلارغا ئۇقتۇرۇش، ئۇلارنى جەلپ قىلىش، داۋالاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئېلان چىقاردى. دەسلەپتە ئاز بىر قىسىم بىمارلار بۇ نامى چىقمىغان دوختۇرخانىغا تەۋەككۈل قىلىپ دېگۈدەك كېلىپ كۆرۈندى. ھەدىيەنىڭ ئىنچىكە دىئاگنوز قويۇشى ۋە ئەستايىدىل داۋالىشى نەتىجىسىدە، بىمارلارنىڭ كېسىلى ھەپتە قالماي سەللىمازا ساقىيىپ، يورۇق دۇنيانى ئىككىنچى قېتىم كۆرەلىدى، ئۇلار ئۆز كۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ھاياجانلىرىنى باسالماي قېلىشتى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ھەدىيەنىڭ كۆز كېسىلىنى داۋالاشتىكى داڭقى يىراق-يىراقلارغا ئاڭلىنىپ، دوختۇرخانىغا بىمارلار تۇشمۇتۇشتىن كېلىشكە باشلىدى. ھەدىيەنىڭ كۈندىلىك خىزمەت سىجىللىقىمۇ ھەسسىلەپ ئېشىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە سائەت يەتتە بىلەن ئىشقا چىقسا، كەچ سائەت يەتتە-سەككىزلەر بىلەن ئۆيىگە قايتاتتى. بىر بىمار ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك قىممەتلىك خىزمەت ھاياتىنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن: "ھەدىيە دوختۇرنىڭ قەدىمى قۇياش بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئاي چىقىش بىلەن تەڭ توختايدۇ." دەرۋەقە، ھەدىيە ھەر كۈنى نۇرغۇن كېسەللەرنى تەكشۈرگەندىن سىرت، كۈنىگە ئون نەچچە قېتىم ئوپېراتسىيىگە چىقاتتى، دائىم دېگۈدەك چۈشتە ئۆيىگە قايتالماي قايناق سۇ ئىچىپ، قۇرۇق نان يەيتتى. بىمارلار بۇنداق ئەھۋالنى كۆپ كۆرۈپ تەسىرلىنىپ كېتىشكەنىدى ۋە ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ، دوختۇرخانا رەھبەرلىكىگە ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە كۆيۈنۈش ھەققىدە ئۆز تەكلىپلىرىنى بېرىشكەنىدى. لېكىن ھەدىيە خىزمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇستىدە بىرەر قېتىممۇ "ھاردىم، چارچىدىم" دېگەن ئەمەس، بۇنداق روھ، بۇنداق پەزىلەت ۋە خىسلەت ھەقىقەتەن كەم ئۇچرايدۇ.

ھەدىيە خانىم ھەر قېتىملىق ئوپېراتسىيە جەريانىدا زور ئەجىر سىڭدۈرۈپلا قالماستىن، ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى داۋالاشقىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئىشتىن سىرتقى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا، ھېيت-بايرام كۈنلىرىدىمۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ كېسەللەرنى تەكشۈرۈپ ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ تۇردى، قىلچىلىك سەۋەنلىك ۋە بىخەستىلىكنىڭ ئۆتۈلۈشىگە يول قويمىدى. دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادى ناچار بولغاچقا، ھەدىيە خانىم ئۇلارنى ئاز چىقىم بىلەن كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، داۋالاش خىراجىتىنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ بەردى؛ بەزىدە بەكلا نامراتلار كېلىپ قالسا، پۈتۈن بۆلۈمدىكىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ پۇل ئىئانە قىلدى. ئۇلارنىڭ چىقىمىنى يەنىمۇ ئازايتىش ئۈچۈن ھەدىيە 1997-يىلى قەشقەرگە بېرىپ ئۈچ ئاي تۇرۇپ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ سانسىزلىغان بىمارلارنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە بىر ئۆمۈر ئېيتىسمۇ تۈگىمەيدىغان رەھمىتىگە ئېرىشتى.

ھەدىيە خانىم ئۆزىدە توغرا كەسپىي ئەخلاقنى تىكلىگەن پەزىلەتلىك ئايال. ئۇ بىمارلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش ئىللىق مۇئامىلە قىلدى، كۆيۈندى، ھەممىسىگە ئوخشاش ھېسداشلىق قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ كېسىلىنى تېزرەك داۋالاپ ساقايتىشقا تىرىشتى. بىمارلارنىڭ بەزىلىرى بارلىق بىمارلارنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتىپ: "ھەدىيە دوختۇر پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەزىلىتىنى ئالغان قالتىس ئايال ئىكەن، ئۇ بىزنىڭ قۇياشىمىز، غەمگۇزارىمىز" دەپ تەرىپلىدى.

ھەدىيە خانىم ھەر كۈنى بىمارلارنىڭ كېسىلىنى تەكشۈرگەندىن سىرت بەشتىن 12 گىچە بىمارنىڭ كۆزىنى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلدى، ياش دوختۇر-سېستىرالارغا قەرەللىك ھالدا دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارغا تېخنىكىلىق مەشغۇلات دوختۇرلۇق ئەخلاقىغا ھەر ۋاقىت رىئايە قىلىش جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ داۋالاش، ئاسراش ئۈنۈمىنى ۋە ئىناۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى؛ شۇنىڭدەك، كۆز ئوپېراتسىيىسىنى بىمالال قىلالايدىغان ئۇيغۇر، خەنزۇ شاگىرتلاردىن ئون نەچچىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

ھەدىيە خانىم ھالال، پاك ياشايدىغان ئايال بولۇپ، كۆزى ساقايغان بىمارلار ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئاستىرتتىن ئۇنىڭغا پۇل، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن زەنجىر قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغات قىلغاندا، ھەدىيە خانىم ھەممىسنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلدى، بۇ ھەقتىكى تەسىرلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مائاشى ۋە ئالىدىغان مۇكاپات پۇلى بەزىلەر ئويلىغاندەك ئۇنچە يۇقىرىمۇ ئەمەس، ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش پۇلغا ئېھتىياجلىق. بىراق ئۇنىڭدىكى ئالتۇندەك ساپ، پاك بىر قەلب ئۆزىگە ھارام نەرسىنىڭ چاڭ-توزانلىرىنى قوندۇرمىغان. شۇڭا بىمارلا ئۇنىڭغا "ئالتۇندەك ئېسىل، پاك دوختۇر ئىكەن‘ دېگەن باھانى بەرگەن.

مەن ھەدىيە خانىمنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا ئۇ ماڭا سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: "كۆرۈش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىش بىمارنى روھىي جەھەتتىن ئازابلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەن ھەر دائىم كۆزى كۆرمەي تۇرمۇشتا ئازابلىنىۋاتقان بىمارلارنى كۆرگىنىمدە، ماڭا ئوخشاش بىر كۆز دوختۇرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن ھەم ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى بۇرۇنراق داۋالاپ ساقايتىشنى ئۆزەمنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيىتىم دەپ تونۇيمەن. شۇڭا مەن ئۆگەنگەن بارلىق تېخنىكا ۋە بىلىملىرىمنى كۆرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغان بىمارلارغا بېغىشلايمەن". ھەدىيە خانىم ھەقىقەتەن دېگىنىدەك قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقىنى

ھېسابلىغاندىلا، ئۇ 1995-يىلدىن تارتىپ 3800 دىن كۆپرەك كۆزدىكى ئاقنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى ئىشلىدى. بۇنىڭ ساقىيىش نىسبىتى 99 پىرسەنتكە يەتتى؛ 300 دىن ئارتۇق كلائوكوما (چىڭگۋاڭيەن) ئوپېراتسىيىسى قىلدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 96 پىرسەنتكە يەتتى؛ 200 گە يېقىن كۆرۈش تور پەردىسى ۋە ئەينەك تەنچە ئوپېراتسىيىسى ئىشلىدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 60 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولدى (بۇ خىل ئوپېراتسىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى خەلقئارادىمۇ ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 60 پىرسەنتتىن 80 پىرسەنتكىچە)؛ 400 دىن ئارتۇق لازېر نۇرلۇق ئوپېراتسىيە ئىشلىدى؛ 100 دىن ئارتۇق ياش خالتىسىنى بۇرۇن بوشلۇقىغا ئۇلاش ئوپېراتسىيىسى ئىشلىدى؛ 500 دىن ئارتۇق قاپاقنى چىرايلىق قىلىش ھەم شەكىل تۈزەش ئوپېراتسىيىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىدى. ھەدىيە دۆلەت ئىچىدىكى نەچچە [illegible]ىڭلىغان بىمارنى داۋالاپ ساقايتىپ قالماستىن، [illegible]ەنە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن، [illegible]اكىستان، تۈركىيە ۋە ئەرەب ئەللىرىدىن كەلگەن 20 نەچچە بىمارنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتتى.

ھەدىيە خانىمنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتىدىن باشقا، يەنە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئەمگەكلىرى بار. 1998-يىلى ئېچىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا جۇڭگولۇقلار كۆز كېسەللىكلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئۇنىڭ بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. 1997-يىلى جۇڭخۇا مېدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتى ئاچقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، كۆزدىكى ئاقنى ئېلىۋېتىش ۋە ئەينەك تەنچە ئوپېراتسىيىسى ھەققىدىكى تېمىلاردا ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جۇڭخۇا مېدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۇلترائاۋاز ئارقىلىق كۆزدىكى ئاقنى ئېرىتىپ ئېلىش تېخنىكىسى بويىچە كۆپ قېتىم تەجرىبە سۆزلىدى. «گلائوكوما كېسىلى»، «كاتاراكتا كېسىلى»، «كۆرۈش تور پەردىسى ۋە ئەينەك تەنچە كېسىلى»

قاتارلىق كىتابچىلىرىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرلىرى چىقتى.

ھەدىيە خانىم مۇنداق دەيدۇ: ”بىز داۋالاۋاتقان كېسەللەر، ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردىن كۆپرەك بولۇپ، 90 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا ’شىنجاڭ ئۇيغۇر كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تەتقىقات مەركىزى‘ قۇرۇش ئارزۇيۇم بار. مەبلەغ قىس بولغاچقا يەنە بەزى ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالالماي، يېڭى تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەس بولۇۋاتىدۇ. رايونىمىزدىكى سەھىيە نازارىتى ۋە خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ ئىشىمىزنى تېزدىن قوللاپ بېرىشىنى ۋە ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن يەنە بۇ تەتقىقات مەركىزىگە مەبلەغ سېلىشنى خالايدىغان چەت ئەللىك ھەم ئۆز دۆلىتىمىزدىكى ئىئانىچىلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن“. داۋالاشقا تېخىمۇ قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن ھەدىيە يەنە بىر كۆز ئامبىرى قۇرۇش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ غايىسىنى يەنىمۇ تېزرەك ئىشقا ئاشۇرۇش، داۋالاش دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، يېقىندا ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئۈرۈمچى ”ئىزنا“ كەسپىي چەكلىك شىركىتى ”ئىبنىسىنا“ ئۇيغۇر تېبابىتى ئامبۇلاتورىيىسىگە يۆتكىلىپ باردى. ئىنشائاللا، ئۇنىڭ ماھارىتى ۋە پەزىلىتى بۇ يېڭى ماكاندا تېخىمۇ گۈللەپ-چېچەكلەپ، مول مېۋە بەرگەي!

ھەدىيە خانىم ئۆزىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئالاھىدە تۆھپە-نەتىجىلىرى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ”ئىلغار خىزمەتچى“، ”مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى“، نېفىت ئىدارىسى بويىچە ”مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس“ بولۇپ باھالاندى. قاراماي شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ئون مۇنەۋۋەر ئايالنىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ، چەت ئەللەرنى زىيارەت قىلىپ كەلدى. ئۇ يەنە ھەر يىلى دېگۈدەك ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ،

ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان يىغىنلارغا قاتنىشىپ كېلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە ھەدىيە خانىمنىڭ ئىش-ئىزلىرى ھەممە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان، ھەممە كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان مەنىۋى كۈچكە ئايلاندى. ھازىر ئۇنىڭ كۈنلىرى يەنىلا شۇنداق ئالدىراشچىلىق، جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتمەكتە. شۇنداقتىمۇ ئۇ يورۇقلۇققا تەشنا مىڭلىغان بىمارلارغا يورۇقلۇق ۋە يېڭى ھايات ئاتا قىلىش ئۈچۈن ھېچنېمىدىن ۋايسىماي، ھاردىم-تالدىم دېمەي، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ۋىجدان-غۇرۇرى ۋە خۇشاللىقى بىلەن قىزغىن ئىشلىمەكتە. ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى كۆز بىمارلىرىنىڭ بۇ دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم قايتا كۆز ئېچىشى ئۈچۈن بېغىشلاۋاتقان بۇ "يورۇقلۇق ئەلچىسى"نىڭ ئۇلۇغ ئەجىرلىرىگە ئاللاتائالا ئىككىلا دۇنيادا رەھمەت ياغدۇرغاي!

## سالامەتلىككە پايدىلىق ئادىي ھەرىكەتلەر

**ساقال-بۇرۇتنى ئېلىش.** ساقال-بۇرۇتنى ئېلىش چىرايىنى پاكىز، چىرايلىق قىلىپلا قالماي، يەنە تېرىدە قاننىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ، مىكروبلارنىڭ ۋە چاڭ-توزاننىڭ غىدىقلىشىنى يوقىتىدۇ، تېرە كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**كۆز قارىچۇقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىش.** كۆز قارىچۇقىنى ئوڭدىن سولغا، سولدىن ئوڭغا 14 قېتىم ھەرىكەتلەندۈرۈپ، چىڭ يۇمۇپ ئاندىن تېز ئېچىش، بۇ خىل ھەرىكەتنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ بەرگەندە كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يىراقنى ياكى يېقىننى كۆرەلمەسلىك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**چىشنى كاسىلدىتىش.** ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ تاماقتىن بۇرۇن، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، بەدىنىنى ئەركىن قويۇپ بېرىپ، كالپۇكنى بوش ھىمىرىپ، چىشنى 4—8 قېتىم كاسىلدىتىش، بۇنى ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشتۇرغاندا، چىشلار مۇستەھكەملىنىپ، چىش ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**ئەسنەش.** بەك چارچاپ كەتكەندە ياكى بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئېشىپ كەتكەندە قاندىكى كاربون ( Ⅳ ) ئوكسىد چىقىرىۋېتىلىدۇ. مۇسكۇللار بوشاپ قاندىكى ئوكسىگېن بىلەن كاربون ( Ⅳ ) ئوكسىدنىڭ نىسبىتى تەڭشىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم تېتىكلىشىپ، ھارغىنلىق تۈگەيدۇ.

**چاچ تاراش.** كۈندە ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا بەش مىنۇت چاچ تاراپ بەرگەندە باشتىكى پەللىلەر بىلەن باشتىكى نېرۋىلار ئۇۋۇلىنىپ ۋە غىدىقلىنىپ، قان ئايلىنىش تېزلىشىپ، نېرۋا ئىقتىدارىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ.

**(قادىر نىياز تەييارلىغان.)**

### ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپ ھاجى ئانىسىنىڭ نەزىرىگە ئاتىغان 6000 يۈەننى نامرات ئائىلىلەرگە ئىئانە قىلدى

گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك مائارىپ مۇلازىملىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپ ھاجى يېقىندا ئانىسىنىڭ نەزىرىگە تەييارلىغان 6000 يۈەنگە 2500 كىلوگرام ئاق ئۇن سېتىۋېلىپ، ئۇنى كۆكتېرەك، موكۇيلا، مۇجى يېزىلىرىدىكى 200 دىن ئارتۇق نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى.

### ▽ مۇھىم تۈزىتىش ▽

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىللىق 2-سانىدا بېرىلگەن "ئىسلام دىنى، كائىنات ۋە مۇقەددەس سان 'يەتتە'" دېگەن ماقالىنىڭ 24-بېتىدىكى 13-مەزمۇن (2-ستون تۆۋەندىن 2—5-قۇرلار) پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، ئەسلىدە چىقىرىۋېتىلىشى كېرەك ئىدى، سەۋەنلىكىمىزدىن ئەسلىدىكى ئورىگىنال بويىچە بېسىلىپ كېتىپتۇ، ئالاھىدە كەچۈرۈم سورايمىز ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ شۇ مەزمۇننى ژۇرنالدىن ئۆچۈرۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى خەلقئارالىق ئىسلام ئالىي كېڭىشىنىڭ 11-سانلىق يىغىنىغا قاتناشتى

مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى، ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇقنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ما جۇڭجې قاتارلىقلار 1999-يىل 6-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 11-سانلىق يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن مىسىر دىنىي ئىشلار فوندى ۋازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، مىسىر زۇڭتۇڭى مۇبارەكنىڭ غەمخورلۇقىدا چاقىرىلغان بولۇپ، يىغىنغا دۇنيا بويىچە 70تىن ئارتۇق ئەرەب-ئىسلام ئەللىرى ۋە غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدىن 188 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى، يەتتە نەپەر ۋەزىر (مىنىستىر)، 15 نەپەر مۇپتى بار. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى "ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى روناق تاپقۇزۇش" بولۇپ، يىغىندا مۇبارەك زۇڭتۇڭنىڭ تەبرىك سۆزى ئوقۇپ ئۆتۈلدى، ئەزھەر شەيخى دوكتور مۇھەممەد سەئىد تەنتەۋى ۋە چوڭ يىغىندا سۆزگە چىققۇچىلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنىيلىكنى قانداق روناق تاپقۇزۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەپسىلىي پىكىر بايان قىلىشىپ، بىردەك مۇنداق دېيىشتى، "ئىسلام دۇنياسى مەدەنىيلىكنى روناق تاپقۇزۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل— ئىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت، ئىلىم-مەرىپەت —ھازىرقى زامان جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر قورالى، پەقەت ئىلىم-پەنلا ئەتراپلىق راۋاج تېپىشقا تۈرتكە بولالايدۇ، ئەتراپلىق راۋاج تېپىش بولسا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بارلىق قىيىنچىلىقلاردىن ساقىت بولالىشىدىكى بىردىنبىر يول". "ئىسلام دىنى ئىلىمگە بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ، كىشىلەرنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇ جەھەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە نۇرغۇن ھېكمەتلىك ھەدىس شەرىپلەرنى قالدۇرغان: 'ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ تەھسىل قىلىڭلار'، 'ئىلىم تەھسىل قىلىش بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولۇر'، 'ئىلىم تەھسىل قىلىش ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر'". يىغىن ئەھلى مۇشۇ ئاساسىي تېما بويىچە ئۈچ جەھەتتىن مۇھاكىمە ئېلىپ باردى:

1. مەدەنىيەت جەھەتتە: ئىسلامىيەت جەمئىيىتىدىكى مەدەنىيەتنىڭ تۈپ ئامىللىرى؛ ئىسلام دۇنياسىدىكى ھازىرقى زامان مەدەنىيەت پىكىر ئېقىمى؛ دۇنياۋىلاشتۇرۇش (يەر شارىلاشتۇرۇش)نىڭ ئىسلام دۇنياسى مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرى؛

2. ئىجتىمائىيەت جەھەتتە: ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىجتىمائىي تۈپ ئامىللار؛ مالىيە ئىشلىرىنىڭ ئىسلامىيەت جەمئىيىتىدىكى فۇنكسىيىلىرى؛ ئەمگەكنىڭ ئىسلامىيەت جەمئىيىتىدىكى فۇنكسىيىلىرى؛

3. ئىقتىسادىي جەھەتتە: ھازىرقى كۈندىكى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئەھۋالى؛ ئىسلام ئەللىرى ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش چارىلىرى؛ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى جانلاندۇرۇپ، تاموژنا بېجى قورغىنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ مېھنەت ئىشچىلىرىنىڭ ئەركىن بېرىپ-كېلىشى؛ ئورتاق سودا ھۆرىيەت رايونى، ئورتاق بازار تەسىس قىلىش.

ئەزھەر شەيخى دوكتور مۇھەممەد سەئىد تەنتەۋى نىل دەرياسىدىكى ساياھەت مەزگىلىدە ھەرقايسى ئەللەر ۋەكىللىرىگە زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋېلىش ئالدىدا، جەمئىيىتىمىز ۋەكىللىرىنى مەخسۇس قوبۇل قىلدى. مۇئاۋىن باش كاتىپ ما جۇڭجې جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرىنىڭ ئۇنىڭغا يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنىڭ جۇڭگولۇق مۇسۇلمان تالىپلارغا ياردەم بېرىۋاتقانلىقىغا تەشەككۈر بىلدۈردى، شەيخ تەنتەۋى جۇڭگودىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئۇنىڭغا سالام يوللىغانلىقىغا ئىنتايىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى ۋە "جۇڭگولۇق مۇسۇلمان تالىپلارنى تەربىيىلەش خۇددى مىسىرلىق تالىپلارنى تەربىيىلىگەنگە

ئوخشاشلا بىزنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز» دېدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن مەزگىلىدە، يىغىن ئۇيۇشتۇرۇش ھەيئىتى مەۋلۇت نەبى پائالىيىتى ئېلىپ باردى، مۇبارەك زۇڭتۇڭ يىغىن مەيدانىغا كېلىپ نۇتۇق سۆزلەپ، ھەرقايسى ئەللەر ۋەكىللىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئىسلام دىنى جەھەتتە تۆھپە قوشقان مىسىر ئۆلىمالىرى ۋە باشقا ئەللەر ئۆلىمالىرىغا مۇكاپات بۇيۇمى تارقىتىپ بەردى.

ئىسلامىيەت ئالىي كېڭەشى يىغىنى ھەر يىلى مەۋلۇت نەبى مەزگىلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ يىلقى 11-سانلىق يىغىن ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرىنى ئىسلام مەدەنىيلىكى جەھەتتە ئويغىنىشقا چاقىرىش، دىنى بىلەن باشقا دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنى يۈكسەلدۈرۈش، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى ئۇلۇغ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز مىسىرغا بارغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشتى.

(چېن يۈيلۇڭ)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى 12-نۆۋەتلىك "دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقلىقى يىغىنى"غا قاتناشتى

1999-يىل 6-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 7-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە "دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقلىقى يىغىنى" ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تېھران شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىننى ئۇيۇشتۇرغۇچى "ئىسلام مەزھەپلىرى مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش دۇنياۋى تەتقىقات مەركىزى"نىڭ باش كاتىپى خۇراسانى نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نوئمان ما شيەن قاتارلىقلار يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. يىغىنغا ئىسلام ئەللىرىدىكى ئۆلىمالار، مۇتەپەككۇرلار، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى شۇنداقلا بىر تۈركۈم غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدىكى ئالىملار، ئىسلام داھىيلىرى ھەم ئىراننىڭ ئۆزىدىن بولۇپ 40 نەچچە دۆلەتتىن 90 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. ئىراننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى رافسانجانى يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن 21-ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىرلىكتە يېڭى رىقابەتنى كۈتۈۋېلىش، ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ، كۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى خەلقئارالىق تەرتىپ ئورنىتىش جەھەتتە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئاساسىدا چاقىرىلغان بولۇپ، يىغىندا سەككىز قېتىم چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىش بولدى ھەمدە ئىسلام ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەرقايسى مەزھەپلەر مۇناسىۋىتىنى يۈكسەلدۈرۈش؛ ھەرقايسى دىنلار مەزھەپلەر ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت ئارىسىدىكى سۆھبەت ئىسلام ۋە دېموكراتىيە؛ ھەرقايسى ئەللەردىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىقلار ۋە مۇھاجىرلار؛ ئىسلام دىنى ۋە دەۋر تەلىپى؛ دۇنياۋىلاشتۇرۇش؛ ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار ۋە بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش چارىلىرى ... قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. 2-نۆۋەتلىك چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىشتا، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋەكىلى، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مۇھەممەد بىننى ناسىر ئابۇدى سۈننىي پىرقىسى نۇقتىسىدىن نۇتۇق سۆزلەپ: 1) سۈننىي مۇسۇلمانلار بىلەن شىئە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قارشى تەرەپ توغرىسىدىكى چۈشەنمەسلىكلەرنى تۈگىتىش؛ 2) ئىككى تەرەپنىڭ تارىختىكى مۇھىم شەخسلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تالاش-تارتىش بولۇۋاتقان شەخسلەر ئۈستىدە يېڭىباشتىن باھا بېرىش؛ 3) قارشى تەرەپنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان مەزمۇنلارنى دەرسلىكلەردىن چىقىرىپ

تاشلاش؛ 4) ئىككى تەرەپ ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق نەشر ئەپكار ۋە سۆزلەرنى نەشر قىلماسلىق ۋە تارقاتماسلىق؛ 5) مۇسۇلمان ياشلارغا بولغان تەلىم-تەربىيىدە ئىككى مەزھەپنىڭ تارىختىكى بەس-مۇنازىرىلىرىنى تىلغا ئالماسلىقتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم شىئە مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. چوڭ يىغىندا مۇئاۋىن رەئىس نوئمان ماشيەن «ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىمىز» دېگەن تېمىدا سۆزگە چىقىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن: (1) ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم؛ (2) ئۆز ئىچىمىزدە مەزھەپچىلىك كۆز قارىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇشىمىز لازىم؛ (3) باشقا ئىدىيىۋى ھالەتلەردىكىلەر بىلەن ئىناق بىللە ياشاپ، تىنچلىق مۇھىتى يارىتىشىمىز لازىم، دېگەن ئۈچ نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويدى، چوڭ يىغىندا 40دەك ۋەكىل سۆز قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە، "ئىسلام مەزھەپلىرى مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش دۇنياۋى تەتقىقات مەركىزى"نىڭ باش كاتىپى خۇراسانى بىلەن "ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە تاشقى مۇناسىۋەت جەمئىيىتى"نىڭ رەئىسى تەسخىرى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر شەرىپىگە زىياپەت بەردى. 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىراننىڭ دىنىي داھىيسى خامىنىيى، زۇڭتۇڭى خاتەمى ۋە سابىق زۇڭتۇڭى رافسانجانى بىرلىكتە ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى. بۇ كۈنى دەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى—مەۋلۇت نەبى بولۇپ، خامىنىيى نۇتۇق سۆزلەپ ئالدى بىلەن مەۋلۇت تەبىنى تەبرىكلىدى.

(شەمسىدىن مىن چاڭ)

## بېگتۇەن بويىچە دىنىي زاتلار كۇرسى ئېچىلدى

پارتىيىنىڭ مىللەتلەر-دىن سىياستىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ياش دىنىي زاتلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئىزباسار ياش دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن، بېگتۇەن مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى 3-دىۋىزىيە 51-تۇەندە بېگتۇەن بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ياش دىنىي زاتلار كۇرسىنى ئاچتى.

بۇ نۆۋەتلىك كۇرس 5-ئاينىڭ 15-كۈنى رەسمىي ئوقۇش باشلىدى. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا، بېگتۇەن مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى روزى ئىبراھىم، 3-دىۋىزىيە پارتكوم شۇجىسى، سىياسىي كومىسسار ساۋ خەن قاتارلىق رەھبەرلەر مۇھىم سۆز قىلدى. مۇدىر روزى ئىبراھىم ئۆز سۆزىدە بۇ نۆۋەتلىك كۇرسنى ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتى، دەرس مەزمۇنى ۋە كۇرسانتلارغا قويۇلغان كونكرېت تەلەپلەر توغرىسىدا ئەتراپلىق توختالدى.

بۇ نۆۋەتلىك كۇرسنىڭ تەربىيىلەش ئوبيېكتى ئىسلام دىنىدىكى ئۇيغۇر تىلى قوللىنىدىغان، شۇنداقلا بەلگىلىك دىنىي ساۋاتقا ئىگە بولغان ياش دىنىي زاتلار بولۇپ، جەمئىي 40 نەپەر، كۇرستا ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەرنى ئاساس قىلغان ئاساستا، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك دىنىي سىياسەت-بەلگىلىمىلىرى، قانۇن-نىزاملىرى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى قاتارلىق مەزمۇنلاردا دەرس ئۆتۈلىدۇ. كۇرس ۋاقتى ئۈچ ئاي بولۇپ، كۇرس ئاخىرىدا بارلىق كۇرسانتلاردىن ئىمتىھان ئېلىنىپ، لاياقەتلىك بولغانلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

(ھۇسەنجان)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى ئىسلام دىنى مەكتىپىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى ئىسلام دىنى مەكتىپى 1999-يىل 6-ئاينىڭ 20-كۈنى 5-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى روزى كېرىم، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن

ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى سادىق قارىي ھاجىم، مۇھەممەد ئىمىن قارىي ھاجىم، مەكتەپتىكى ئۇستاز-تالىپلار بولۇپ 140 نەپەر كىشى قاتناشتى.

مۇراسىمغا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سادىق قارىي ھاجىم رىياسەتچىلىك قىلدى. ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم مەكتەپنىڭ بىر يىللىق خىزمەتلىرىدىن خۇلاسە قىلدى ۋە تالىپلاردىن ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان لاياقەتلىك ئىزباسارلاردىن بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلدى. يىغىندا يەنە تالىپلار ۋەكىللىرى سۆز قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن 40 نەپەر تالىپ 1996-يىلى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئۈچ يىل جەريانىدا مەكتەپنىڭ دەرس كۆرسەتكۈچىدىكى 27 خىل دىنىي كىتابنى تولۇق ئوقۇپ، كۆزلەنگەن مەقسەتكە يەتتى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەكتەپ باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي دەرسنىڭ 70 پىرسەنت، سىياسىي-قانۇن دەرسىنىڭ 30 پىرسەنت بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. تالىپلار ئۆز جايلىرىغا بارغاندىن كېيىن ئىمامى كەمچىل چەت-يىراق جايلاردىكى مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

مۇراسىم ئاخىرىدا روزى كېرىم مۇھىم سۆز قىلدى ۋە دىنىي مەكتەپنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇش جەھەتتە بىرنەچچە تۈرلۈك كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا بىر ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى، 12 نەپەر ”ئۈچتە ياخشى“ تالىپ، ئىككى نەپەر ئۇستاز شەرەپ بىلەن مۇكاپاتلاندى. رەھبەرلەر تالىپلارغا شاھادەتنامە، خاتىرە بۇيۇمى تارقىتىپ بەردى.

**(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)**

## بايىنغولىن ئوبلاستلىق تۇنجى قارارلىق ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش سىنىپى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

▲ بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى ئىككى يىللىق ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش سىنىپى 1999-يىل 4-ئاينىڭ 28-كۈنى تۇنجى قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ مۇراسىمغا ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەخمەت قاسىم، ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى جاڭ يامىڭ، مۇھەممەت ھېبىبۇللا، ئوبلاستلىق دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئابلىتىپ ئاقمۇللا، ئابلا مۇسا، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ھەيئەتلىرى، ھەرقايسى ناھىيە، (شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىسى، باش كاتىپلىرى، كورلا شەھىرىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ 100گە يېقىن كىشى قاتناشتى. مۇراسىمغا مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بارات داموللا ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمدا ئوبلاستلىق دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلا مۇسا ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش سىنىپى ئېچىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەخمەت قاسىم سۆز قىلدى.

بۇ قېتىمقى ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش سىنىپىغا سەككىز ناھىيە، بىر شەھەردىكى قىسمەن جايلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان دىنىي زاتلارنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى بىلەن كۆرۈلگەن ئۈزۈكچىلىك، چەت-ياقا جايلاردىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا رىياسەتچى بولماسلىقتەك ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلۇپ، شۇ جايلاردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، مەلۇم دىنىي بىلىمى بار، دىنىي ۋەزىپە ئۆتەشنى خالايدىغان 18 ياشتىن يۇقىرى، 35 ياشتىن تۆۋەن ياشلار ئىچىدىن ئىمتىھان ئارقىلىق تاللاپ نىشانلىق قوبۇل قىلىندى. ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن لاياقەتلىك بولغانلار ئۆز جايلىرىدا دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. تالىپلار ئىككى يىل جەريانىدا ئاساسلىقى دىنىي بىلىم، مەلۇم نىسبەتتە سىياسەت، قانۇن-نىزاملاردىن بىلىم ئالىدۇ.

**(مۇھەممەت تۇرسۇن)**

# قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي زاتلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە دىنىي زاتلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى 1999-يىل 5-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى كۇرسقا ۋىلايىتىمىزنىڭ 12 ناھىيە (شەھەر) دىكى دىنىي زاتلاردىن سىياسىي كېڭەش ھەيئەت ئەزالىرى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ تالىپلىرى بولۇپ جەمئىي 200 نەپەر كىشى قاتناشتى.

كۇرسنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى روزى كېرىم، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلىز ناسىر، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئۆمەرجان مۇھەممەت مۇھىم سۆز قىلدى، كۇرسانتلار بۇ قېتىمقى كۇرستا ئاساسلىقى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، مىراس قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ھەمدە ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. پەن-تېخنىكىغا دائىر لېكسىيە ئاڭلىدى ھەمدە بۇ ھەقتىكى سىنئالغۇ فىلىمىنى كۆردى.

كۇرسنىڭ ئاخىرلىشىش مۇراسىمىغا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مۇھەممەت ئىمىن ئوسمان قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلىپ، دىنىي زاتلاردىن قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)

# چىرا ناھىيىسىدە ياش دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى

چىرا ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بىرلىكتە ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 1999-يىل 5-ئاينىڭ 4-كۈنى ياش دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرسنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش، بىرلىك سەپ بۆلۈم، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىرى قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

چىرا ناھىيىسىدە 297 دىنىي پائالىيەت سورۇنى، 390 نەپەر دىنىي زات بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان بەزى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان دىنىي زاتلار ياشنىپ قېلىش، ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبلىرى بىلەن، دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار ئۈزۈلۈپ قېلىش، بەزى دىنىي زاتلارنىڭ كەسپىي ساپاسى تۆۋەن بولۇشى بىلەن ئېتىقادچى ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى توسالغۇغا ئۇچراش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەنىدى. بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، چىرا ناھىيىسىدە ياش دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش قارار قىلىنغانىدى. كۇرستا 5-ئاينىڭ 4-كۈنى ئېچىلىپ رەسمىي دەرس باشلاندى. كۇرسقا ناھىيىگە قاراشلىق ھەرقايسى يېزا-بازارلاردىن بولۇپ جەمئىي 32 نەپەر كۇرسانت قاتناشتۇرۇلدى. ئۇلار ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە دىنىي بىلىملەر، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملار جەھەتتىن تەربىيىلىنىپ لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنغا قايتىپ، تېگىشلىك دىنىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، دىنىي پائالىيەتكە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

(ئەركىن مۇھەممەتتۇرسۇن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تۆھپىكار دىنىي زاتلار

▲ ئاپتونوم رايونلۇق ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، تازغۇن يېزىلىق جامەنىڭ ئىمامى، خاتىپى ئابابەكرى قارىي ھاجى 1988-يىلى نىلقا ناھىيىسىدىن ئۆز يۇرتى تازغۇن يېزىسىنىڭ دۆڭقشلاق 12-كەنتىگە قايتىپ كېلىپ، قايتىدىن ئىگىلىك تىكلەپ، قوي-كالا باقمىچىلىقى بىلەن روناق تاپقاندىن كېيىن، ماي زاۋۇتى سېتىۋېلىپ قوشۇمچە كىرىم قىلدى. ئۇ يەنە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر يىلى ئۈچ مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇ ھاللانغاندا نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، 1995-يىلى ئۆز كەنتىدىكى ئون نامرات ئائىلىنى بېيىتىشنى ھۆددىگە ئالغانىدى، ئۇ بۇ ئائىلىلەرگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ، ئىشلىرىغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم قىلىپ، ھازىرغىچە ئالتە ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. ئىككى ئائىلىنى ئاساسىي جەھەتتىن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇردى. ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان نامرات ئائىلىلەرگە جەمئىي 2000 كىلوگرام كۆمۈر، 500 كىلوگرام ئاشلىق، ئىككى توننا ئوغۇت، 200 كىلوگرام ئۆسۈملۈك مېيى، 500 يۈەن قىممىتىدە كىيىم-كېچەك يەتكۈزۈپ بەردى. يۇقىرىقىدەك تۆھپىلىرى بىلەن ھەر يىلى "بەشتە ياخشى" دىنىي زات، "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس"، "جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى ئىلغار شەخس"، "نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئۈلگىسى" قاتارلىق ناملارغا ئېرىشىپ، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ۋە كەسپىي ئورۇنلار تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ كەلدى.

(ئابدۇكېرىم ئۆمەر)

▲ غۇلجا ناھىيە دۆڭمازار بازىرىدىكى دىنىي زاتلار مەسچىت ئەتراپىغا 4800 تۈپ يىلتىزلىق كۆچەت، 210 تۈپ مەنزىرە دەرىخى تىكتى. 1200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولنى رېمونت قىلىش، 26 كۆۋرۈكنى ياساش ئەمگىكىگە خالىسانە قاتناشتى. 32 دىنىي زات تەشەببۇسكارلىق بىلەن چارۋا مال بورداش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىللىق ئومۇمىي كىرىمنى 200 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. ئىكرام ھاجى ئىمام، مەخمۇت قارىي ئىمام، ھىزبوللا ئىمام قاتارلىق دىنىي زاتلارنىڭ باشلامچىلىقىدا ئاما كەلكۈن، يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونلار ۋە مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا بەش يىلدا جەمئىي 14 مىڭ 800 يۈەن، ئون كۇب مېتىر ياغاچ ئىئانە قىلدى. 3200 يۈەن ئىئانە توپلاپ يېتىم-يېسىر، ئىگە-چاقىسىز سەككىز ئادەمنىڭ كېسىلىنى داۋالاتتى. ياقا يۇرتلاردىن مۇساپىر بولۇپ دۆڭمازار بازىرىغا كېلىپ، قازا تاپقان قالغان ئىگە-چاقىسىز ئىككى كىشىنىڭ ئۆلۈملۈك ئىشلىرىنى دىنىي زاتلار بىرلىشىپ خالىسانە يەرلىكدە قويۇپ، ئىككى ئالىملىك ساۋابلىق ئىش قىلدى. نەتىجىدە، ئىكرام ھاجى ئىمام قاتارلىق 11 دىنىي زات ناھىيە، ئوبلاست تەرىپىدىن "بەشتە ياخشى دىنىي زات"، "مۇقىملىق خىزمىتىدىكى ياخشى باشلامچى"، "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ياخشى قوغدىغۇچىسى"، ئالتە مەسچىت "بەشتە ياخشى مەسچىت" بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

(ئابدۇۋەلى ئەخمىدى)

▲ پەيزىۋات ناھىيە، مىشا يېزا 6-كەنت 3-مەھەللىدىكى دىنىي زات (يېزا بازىرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى، خاتىپى) ياسىن ئىبراھىم 1995-يىلى 14 تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق مەكىت قويى (ساغلىق قوي) سېتىۋېلىپ ئۇلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا نەسىللەندۈرۈپ ۋە ئوبدان بېقىپ، سەمرىگەنلىرىنى ئۇدۇللۇق سېتىپ، ھازىرغىچە جەمئىي 21 مىڭ 910 يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇ بېيىغاندا، دۆلەتنى، نامرات قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي، دۆلەتكە 3890 يۈەن باج تاپشۇردى، مەھەللىسىدىكى يېتىم-يېسىر، مېيىپ، نامرات قېرىنداشلىرىغا 1519 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل، ئۇن، گۆش، كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلدى. ئۆتكەن يىل كۈزدە ئۆز يېنىدىن 1500 يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ، مەھەللىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئۇستەڭگە بىر كۆچۈرمە قويۇپ بېرىپ نامرات دېھقان قېرىنداشلىرىنى ياخشى تېرىقچىلىق قىلىش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. توغرا يولدىن ئېزىۋاتقان 18 ياشنى تەربىيىلەپ توغرا يولغا باشلىدى. بۇ يىل 4-ماي كۈنى ئۆز مەھەللىسىدىكى بىر نامرات ياش دېھقانغا

2000 يۇەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر بوغداي ئورۇش ماشىنىسى ئېلىپ بەردى. كۆپ يىللاردىن بېرى ئۇ يەنە ئۆز مەھەللىسىدىكى دېھقانلارغا، دۆلەتنىڭ دىنىي سىياستى، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش، پەرزەنتلىرىنى پەننىي مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇتۇش ۋە ئومۇمىي ئەخلاقتا رىئايە قىلىش ھەققىدە كۆپلەپ تەربىيە قىلىپ كەلدى.

(مەخمەت ھامۇللا)

▲ باي ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمان ئاممىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيىنىڭ سىياستى، پەن-تېخنىكا ۋە ماتارىيقا تايىنىپ، ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ئىشلەپ، بېيىدىنپەي بېيىش يولىغا ماڭدى، بۇ جەھەتتە ياسىن قارىي ھاجىم، مىجىت ھەمەر ھاجىم، جۇمە مۇھەممەت ھاجىم، غوپۇر ھاجىم قاتارلىق دىنىي زات، يەككە تىجارەتچىلەر باشلامچىلىق قىلدى. 1998-يىلدىن بۇيان، دىنىي زاتلاردىن ئون-ياغ زاۋۇتى قۇرغانلار 20گە، رېمونت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۇچكە، چوڭ-كىچىك ماشىنا-تراكتورى بارلار 137 گە، يىللىق ساپ كىرىمى 5000 يۇەندىن 20 مىڭ يۇەنگىچە بولغانلار 202گە، 25 مىڭ يۇەندىن يۇقىرىلار 31 گە يەتتى، بەزى دىنىي زاتلارنىڭ ئائىلىسىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 3000 يۇەندىن 4000 يۇەنگىچە يەتتى. دىنىي زاتلار بېيىغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى، 1998-يىلدىن بۇيان، دىنىي زاتلار نامراتلارغا 9000 يۇەن نەق پۇل، 8900 كىلوگرام يېمەكلىك، 4. 5 توننا كۆمۈر، 155 قۇر كىيىم، 207 ئەمگەك ئىش كۈنى ياردەم قىلدى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىمۇ 5740 كىلوگرام يېمەكلىك، 2600 يۇەن نەق پۇل، 19 دانە كىگىز، 9.6 توننا كۆمۈر ياردەم قىلدى.

(ھەسەن ئابدۇۋەلى)

▲ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باي ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى كۆكەرتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ 65 پىرسەنتىنى كۆكەرتىش نىشانىغا يەتكۈزدى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى مۇسۇلمان ئاممىسىنى كۆكەرتىش خىزمىتىگە تەشكىللەش ئارقىلىق، ئىلگىرى 3947 تۈپ مېۋىلىك ئورمان، 41 مىڭ تۈپ مېۋىسىز ئورمان قويۇپ، كۆكەرتىش خىزمىتىدە مەلۇم نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى، بۇ يىل كىرىش بىلەنلا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئەتراپىغا 500 تۈپتىن ئورمان ۋە بىر باراڭدىن تال ئۈزۈم قويۇش تەلىپى بويىچە، 130 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ئورمان قويۇپ، ھازىر بار ئورمان سانىنى 180 مىڭ تۈپتىن كۆپرەككە يەتكۈزدى.

(ھەسەن ئابدۇۋەلى)

▲ باي ناھىيىسىدىكى مۇسۇلمان ئاممىسى ۋە دىنىي زاتلار 1999-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا 1300 نۇسخىدىن ئارتۇق مۇشتەرى بولۇپ، 1998-يىلدىكىدىن 200 نۇسخا ئاشۇردى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى مەخسۇس خادىم ئاجرىتىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىدى، ھەربىر يېزا، ئورۇننى بىرلىك قىلىپ، ۋاقتىدا تارقىتىپ ۋە مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ، ژۇرنالدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

(ھەسەن ئابدۇۋەلى)

▲ كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا تۆۋەن قۇمئېرىق كەنت قۇمباغ مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئابدۇراخمان تۆمۈر 1995-يىلى 3-ئايدا ئۆز يېنىدىن 4000 يۇەن پۇل چىقىم قىلىپ، 15 ئات كۈچىگە ئىگە بىر دانە كىچىك تىپتىكى دىزېل ماشىنىسى سېتىۋېلىپ ياغ تارتىشقا كىرىشىپ، تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ 60 توننىدىن ئارتۇق گازىر، چىگىت، زىغىرلىرىنى تارتىپ، ئىش ھەققى ئالماي، پەقەت كۈنجۈرىسىنىلا ئېلىپ قالدى. باشقىلار ئېلىپ كەلگەن مايلىق دانىغا توپا-ئەخلەت ئىلىشەگگۈ بولسا، ئۇنى پاكىز سورۇپ تارتتى؛ ئۈچ يېزا، بىر بازاردىن كەلگەن قېرى، ئاجىز، "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە" ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ مايلىق دان قاچىلانغان تاغار-قاچىلىرىنى ھارۋىدىن يۆتكەشكە ياردەم بەردى، ئۇلاردىن يۆتكەش ھەققى ئالمىدى، ئۇلارغا داستىخان سېلىپ، نان-چاي بەردى. بۇنىڭ

بىلەن دىنىي زات ئابدۇراخمان تۆمۈردىن كەڭ ئاممىنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ياغ تارتىشقا كېلىدىغانلارنىڭ سانى ئېشىپ كەتتى، ئابدۇراخمان تۆمۈرنىڭ كىرىمىمۇ ئاشتى. ئۇ ئۆتكەن يىلدىن بۇ يىل 4-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 50 تۇياق مەكىت قويىنى بورداپ سېتىپ 15 مىڭ يۈەن پايدىغا ئېرىشتى، ئىككى ئۈقەتتىن قىلغان ئومۇمىي كىرىمى 35 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇ يەنىلا كەمبەغەللەرنى ئۇنتۇماي، نامرات ئۈچ ئائىلىگە 665 كىلوگرام ئاشلىق، 43 كىلوگرام ياغ ياردەم قىلىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

(سەمەت دالى)

▲ كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزا تۆۋەن قاشرىق كەنت 4-مەھەللىدىكى دىنىي زات ئېزىز خۇدۇيۇم 1990-يىل مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن بۇيان، ئۇدا تۆت يىل كەنت، يېزا دەرىجىلىك "بەشتە ياخشى" دىنىي زات بولۇپ باھالىنىپ كەلدى. ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىشتىن سىرتقى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئاتىسىدىن ۋە باشقىلاردىن ئۆگىنىۋالغان مىشچىلىك، ساتراچلىق، ۋەلسىپىت، هارۋا رېمونت قىلىش قاتارلىق ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، 670 تىن ئارتۇق كىشىنىڭ چىلەك، مەش، كاناي، نوگاي، داس، چۆگۈن قاتارلىق نەرسىلىرىنى خالىس ياساپ بەردى ۋە ھەقسىز رېمونت قىلىپ بەردى. 270 تىن ئارتۇق كىشىنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى ئېلىپ قويدى، يەنە 162 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ 60 دانە ۋەلسىپىت، 100 دىن ئارتۇق ھارۋىسىنى رېمونت قىلىپ بېرىپ كەڭ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

(سەمەت دالى)

▲ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە پەيزىۋات باش مەيدان مەركىزىي مەسچىتىنىڭ ئىمامى، بىڭتۇەن بويىچە "بەشتە ياخشى" دىنىي زات ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىگە ھەر ۋاقىت قاتتىق تەلەپ قويۇپ، سۆز-ھەرىكەتتە ئاممىغا باشلامچى بولدى ھەم ئۈلگە كۆرسەتتى. ئۇدا ئۈچ نۆۋەت پەيزىۋات ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۆز ئەجرىدىن كەلگەن 3500 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىقنى بىر قىسىم ئىگە-چاقىسىز تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىرلارغا تارقىتىپ بەرگەندىن باشقا، باشقىلارغا 75 مىڭ يۈەنگە يېقىن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، 20 نەچچە ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئائىلىلەردە قىيىنچىلىقى بار سەككىز بالىنىڭ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇشى ئۈچۈن 1500 يۈەن پۇل سەرپ قىلىپ ئۇلارغا كىيىم-كېچەك ۋە ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بەردى. 1991-يىلدىن بۇيان ئۇ ئىماملىق قىلىۋاتقان مەركىزىي مەسچىت 3-دىۋىزىيە تەرىپىدىن ئۈچ قېتىم "بەشتە ياخشى" دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولۇپ باھالاندى، ئۆزىمۇ تۆت قېتىم دىۋىزىيە (ۋىلايەت) دەرىجىلىك "بەشتە ياخشى" دىنىي زات بولۇپ تەقدىرلەندى. يېقىندا ئۇ يەنە بىڭتۇەن بويىچە "بەشتە ياخشى" دىنىي زات دېگەن شەرەپلىك نامغا، مەركىزىي مەسچىت "بەشتە ياخشى" دىنىي پائالىيەت سورۇنى دېگەن نامغا ئېرىشىپ تەقدىرلەندى ھەم مۇكاپاتلاندى.

(تۇرسۇنجان زۇنۇن)

▲ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-تۇەن مىللىي 8-لىيەن مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ئاۋۇت ھاجىم تىجارەت ۋە مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تاپقان پۇلىدىن ھەر يىلى نامراتلارغا، يېتىم-يېسىرلارغا ياردەم قىلىشنى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئۇ يەنە نامرات، ئاجىز، مىسكىنلەرگە 200 كىلوگرام ئۇن، 40 قۇر كىيىم-كېچەك، 1400 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلغاندىن باشقا، ئۆزىنىڭ "سانتانا" ماركىلىق پىكاپىدا سەككىز جۈپ قىز-يىگىتنىڭ تويىنى ھەقسىز كۆچۈرۈپ قويدى، 1-ئىيۇن خەلقئارا باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن 53-تۇەننىڭ مىللىي مائارىپىغا 1500 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى.

(ھەسەنجان قارىي)

▲ خېجىڭ ناھىيە خېجىڭ بازىرى شار بۇلاق كەنت سايباغ مەسچىتىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىدىكى

توققۇز دىنىي زات ھالال ئەمگەك بىلەن بېيىشتا باشلامچى بولۇپ، ھازىرغىچە مەكتەپ، يول، سۇ قۇرۇلۇشىغا ۋە مەسچىت رېمونت قىلىشقا 58 مىڭ 600 يۈەن ئىئانە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى نامايان قىلدى. نەتىجىدە سايىباغ مەسچىتى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن ھەر يىلى "بەشتى ياخشى" مەسچىت، مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىمىر ئىمام كۆپ قېتىم "بەشتى ياخشى" دىنىي زات بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى، بۇ مەسچىتتىكى دىنىي زاتلار يەنە كەنتتىكى 11 نامرات ئائىلىگە 400 جىڭ گۆرۈچ، 350 جىڭ ئۇن، 600 جىڭ بۇغداي-قوناق، 20 كىلو ئۆسۈملۈك يېغى ياردەم قىلدى، ھېيت-بايراملاردا ئۇلارنى يوقلاپ تۇردى. (تۇردى ئەبەيدۇللا)

▲ تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۈزۈمچىلىك يېزىسىغا قاراشلىق چوڭ كۆۋرۈك ۋە بۇلاق مەھەللە كومىتېتىدىكى ئون مەسچىت ۋە دىنىي زاتلار ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن مائارىپنى قوللاپ، شۇ جايدىكى يېڭىسار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئاتاپ، ئون مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. يەنە بۇ يېزىغا قاراشلىق باغرى رايونىدىكى توققۇز مەسچىت ۋە بىر قىسىم دىنىي زاتلار شەھەر بويىچە ئېچىلغان دىنىي زاتلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى.
(شاھمەردان ئىمىننىياز)

▲ پىچان ناھىيىسىنىڭ چىقتىم بازىرىدىكى دىنىي زاتلار ئۆتكەن يىلدىن ھازىرغىچە ئاپەت رايونلىرىغا 1768 يۈەن، مائارىپقا 1242 يۈەن قىممىتىدە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. نامرات ئائىلىلەرگە 3496 يۈەن قىممىتىدە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى ۋە تۆت ئېغىز ئۆيىنى ھەقسىز رېمونت قىلىپ بەردى. 11 مېيىتنىڭ نامىزىنى خالىس چۈشۈرۈپ، ئاممىنىڭ 3700 يۈەنلىك ئىقتىسادىنى تېجەپ بەردى. خالىسانە ئەمگەككە ئاكتىپ قاتنىشىپ، يەتتە ئورۇننىڭ جامائەت ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىپ بەردى. دىنىي زاتلارنىڭ بۇ خىل خالىس تۆھپە قوشۇش روھى شۇ يەردىكى كەڭ جامائەتنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. (شاھمەردان ئىمىننىياز)

## ساخاۋەتلىك تىجارەتچى

▲ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-تۇەن مەيدانى مىللىي 8-لىيەندىكى يەككە تىجارەتچى ئەخمەت ئاۋۇت 1989-يىلى ئاشلىق ۋە چارۋا مال تىجارىتىگە كىرىشكەندىن بېرى، خېلى كۆپ پايدىغا ئېرىشكەندى. ساخاۋەتلىك ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈككەن ئەخمەت ئاۋۇت بۇلتۇر 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ چوڭ تىپلىق ئون تراكتورنى چاتما سايمانلىرى بىلەن بىرلىكتە سېتىۋېلىپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ۋە ئىشسىز قالغان 50 نەپەر ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان 53-تۇەن شافور يىگىدىن 20 ئائىلىلىك كىشى بۇ يىلنىڭ بېشىدا ئەخمەت ئاۋۇتنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە بىرەر ئىش-ئوقەت تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە، ئەخمەت ئاۋۇت قىلچە ئىككىلەنمەي 53-تۇەننىڭ خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇرۇقچىلىق لىيەندىن 400 مو يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، بارلىق كېتەرلىك مەبلەغنى ئۆزى سېلىپ، كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىپ بەرگەندىن باشقا، ئېتىز بېشىغا ئۆي قۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىنى 400 يۈەندىن بېكىتىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. ئۇ يەنە 1989-يىلدىن بۇيان شۇ جايدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئەمما ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار، يېتىم-يېسىر ئوقۇغۇچىلارغا جەمئىي 6300 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق لىيەندىكى ئون نەچچە نامرات ئائىلىگە 500 كىلوگرام ئۇن، 29 مىڭ يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى. 1998-يىل 7-ئايدا ئۇ 170 مىڭ يۈەنگە "سانتانا" ماركىلىق پىكاپتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ھازىرغاقەدەر 15 جۈپ قىز-يىگىتنىڭ توينى ھەقسىز يۆتكەپ قويۇپ، يەرلىك ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە 3100 يۈەن پۇل سەرپ قىلىپ 8-لىيەن ئىچىدىكى چوڭ-كىچىك يوللارغا بىتون كۆۋرۈك سېلىپ بەرگەندىن باشقا، كېچىكىپ توي قىلغان ئىككى جۈپ قىز-يىگىتنىڭ تويىغا ئۆز يېنىدىن 2300 يۈەن چىقىرىپ ھەدىيە قىلدى.

(ھەسەنجان قارىي)

ئۇيغۇر كىتاب تورى

## خەۋەرلەر

# ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەنتەربىيە دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى

مىسىر ئەزھەر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نەچچە يۈز جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزئارا ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇش مەقسىتىدىكى تەلپى، جۇڭگونىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ تەستىقلىشى ھەم جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ماقۇللۇقى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە يار-يۆلەك بولۇشى ئارقىلىق يېقىندا ئەزھەر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى رەسمىي قۇرۇلغانىدى. 1999-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە مىسىر ئەزھەر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى جۇڭگونىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى مائارىپ گۇرۇپپىسىنىڭ قىزغىن قوللاپ، يېتەكلىشى بىلەن مەزكۇر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنتەربىيە دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مىسىر ئەزھەر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك بۇ مۇسابىقە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى چۈشىنىشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، تېخىمۇ مۇستەھكەم بىر گەۋدە بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقە باشلانغان كۈنى جۇڭگونىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى مائارىپ گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ فەن كېلىپ ئېچىلىش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى، تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن بۇ مۇسابىقىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىپ، قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ياخشى پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇيۇشمىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جانلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇسابىقىگە 200 گە يېقىن ئوقۇغۇچى قاتناشتى. مۇسابىقە يىراققا يۈگۈرۈش، قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش، كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش، پۇتبول، ۋاسكىتبول، ۋالىبول، تىكتاكتوپ، ئارغامچا ئاتلاش قاتارلىق ھەر خىل تۈرلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىگە ماس كەلگەن تۈرلەرگە قاتنىشىپ، مۇسابىقە جەريانىدا ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇردى. ئۈچ كۈن داۋاملاشقان مۇسابىقە جەريانىدا، ھەر خىل تۈردە نەتىجە قازانغانلار بىرىنچىلىكتىن ئۈچىنچىلىككىچە بولغان دەرىجە بويىچە مۇكاپاتلاندى.

(ئابدۇخالىق ھاجى ئابدۇلھەق ئەزھەرى)

# شىنخۇ يېزىسىنىڭ شىنگۇ كەنتى مەسچىتكىمۇ يەر بۆلۈپ بەردى

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىنخۇ يېزىسىغا قاراشلىق شىنگۇ كەنتى 5-ئەترەتتىدىكى ئاھالىلەر شىنخۇ مال-چارۋىچىلىق ئەترىتىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ئىدى. بۇرۇن بۇ يەردە مەسچىت يوق بولۇپ، 80-يىللاردا بۇ يەردىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار دېھقانلىرى يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۆزلىرى مەبلەغ چىقىرىپ بىر مەسچىت سالغانىدى. لېكىن مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە ئەڭ نامرات ناھىيە بولغاچقا، مەسچىتنىڭ راسخوتى ۋە ئىمامنىڭ تۇرمۇشىنى ھەل قىلىش قىيىن بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. شىنگۇ كەنتى ئاھالىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەنزۇلار بولسىمۇ، كەنت ئاھالە كومىتېتى بۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەسچىتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بېقىپ، مۇسۇلمان دېھقانلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەردىكى سىلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، شىنگۇ 5-ئەترەت مەسچىتكە 15 مو، ئىمامغا يەتتە مو يەر ئاجرىتىپ بېرىپ، مەسچىتنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ياخشى ئاساس يارىتىپ بەردى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان باشقا جايدىكى دېھقانلارمۇ بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى.

(ئابلىمىت قۇربان ھاجى)

# ”دوزاختىكى سەپەر“ ناملىق تېلېۋىزىيە ھېكايە فىلىمى ئىشلەندى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: ئىسلام دىنى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە ئېلىپ-سېتىشنى ھارام دەپ ھېسابلايدۇ، ئىسلام دىنىدا بۇ خىل قىلمىشلار ”شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىق“ دەپ كۆرسىتىلىش بىلەن، ئىنسانلارنى ”بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇش، شەيتاننىڭ ئاشۇ رەزىل، پەسكەش ئىشلىرىدىن يېنىش“قا بۇيرۇيدۇ، يەنى بۇنداق رەزىل ئىشلارغا ھارام دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ، ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ ئىشلارغا يېقىن كېلىشىنى چەكلەيدۇ. شەرىئەتنىڭ روھى بويىچە، بۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچىلار گۇناھكار ۋە دوۋزىخى بولىدۇ، بۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىققا دەۋەت قىلغۇچىلار، باشقىلار قىلىشقا دەۋەت قىلغاندا ئۇنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ قىلمىغۇچىلار ساۋاب تاپىدۇ. (بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ گۇناھلىق قىلمىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ قاتتىق تەۋبە قىلىش بىلەن بۇنداق ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزگۈچىلەرنىڭ گۇناھىنى ئاللاتائالا مەغپىرەت قىلغاي—ئامىن. (ھازىر پۈتۈن دۇنيادا، جۈملىدىن ئىسلام ئەللىرىدە ئاق چېكىملىكنى مەنئى قىلىشنىڭ كونكرېت قانۇن-بەلگىلىمىلىرى چىقىرىلىپ، ئۇنى چېكىش-ئۇكۇل قىلىش مەنئى قىلىنىپلا قالماستىن، ئۇنى ئېلىپ-ساتقۇچىلارغا كۆرۈلىدىغان جازا بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرۇلماقتا. ئۆتكەندە، ئىسلام دۆلىتى بولغان كۇۋەيتتە ئېچىلغان خەلقئارالىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش يىغىنىدا، ئۇنىڭ زىيىنى كۆرسىتىلىپلا قالماستىن، خەلقئارادا ئۇنى مەنئى قىلىشنىڭ يەنە بىرقەدەر تەدبىرلىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. مەملىكىتىمىز جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ خروئىن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە بېرىلگەنلەر (چەككۈچىلەر، ئۇكۇل قىلدۇرغۇچىلار)، ئۇنى ئېلىپ-ساتقۇچىلار، ھەتتا مۇشۇ سەۋەبتىن ئەيدىز قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىش ھالىتىدە تۇرماقتا. بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىللىق 2-سانىدا بۇ ھەقتە مەخسۇس ماقالە بېرىپ، ئۇنىڭ ھاراملىقىنى ۋە ھەر جەھەتتىكى زىيانلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغانىدۇق. كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ خروئىن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ھاراملىقىنى، ئۇنداق قىلمىشنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا قەتئىي چەكلەنگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، جەمئىيەتكە، مىللەتكە ئېغىر بالايى-ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ، بۇ نىجىس، رەزىل شەيتاننىڭ قىلمىشى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن يەنى ئۇنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئېلىپ-سېتىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، ئۇنىڭدىن قەتئىي ئادا-جۇدا بولۇپ، ئىسلامىيىتىمىزنى روناق تاپقۇزۇش يولىدا تىگىشلىك بۆرچىنى ئادا قىلىشقا ئاللاتائالا ھىدايەت قىلغاي! دەل مۇشۇ سەۋەبتىن «دوزاختىكى سەپەر» دېگەن تېلېۋىزىيە ھېكايە فىلىمى بىزنى بۇ جەھەتتە چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ قوللىشى ۋە تەستىقلىشى بىلەن ئىشلەنگەن بۇ فىلىمنى ئۈرۈمچى ”كۆكتۇلپار“ گۈزەل سەنئەت مەدەنىيەت ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ مەسئۇلى، مەرىپەتپەرۋەر زات تۇردى ئېلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەش مەركىزى بىلەن بىرلىشىپ، ياش سىنارىست ئۆمەر قادىرغا ھاۋالە بىلەن يازدۇرۇپ، بۇ رەزىل قىلمىشنىڭ مىللىتىمىزگە كەلتۈرۈۋاتقان بالايى-ئاپەتلىرىگە چوڭقۇر ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن، ئۆز يېنىدىن شەخسەن 250 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سەرپ قىلىپ ئىشلەپچىقىش بىلەن يېقىندا كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ فىلىمدە ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئوبرازلار ئارقىلىق زەھەرلىك چېكىملىك سودىگەرلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىللىكى، ھىيلە-نەيرەڭلىرى، سانسىزلىغان ياش-گۆدەك ئوغۇل-قىزلارنىڭ يولدىن ئېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ياشلىق باھارىنى نابۇت قىلغانلىقى، بۇ رەزىل قىلمىشنىڭ سانسىزلىغان ئائىلىلەرگە چەكسىز بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە بىر تالاي ئاتا-ئانىلارنىڭ يۈرىكىنى قان-زەرداپقا تولدۇرۇپ، ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلغانلىقىدەك مەركىزىي ئىدىيە ئىنتايىن چىن ۋە جانلىق تەپسىلاتلار بىلەن تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن.

فىلىمدە يەنە زەھەرلىك چېكىملىك ساتقۇچى نىجىسلارنىڭ ئىپلاس قىلمىشلىرى، زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش يولىدا ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق ۋە ئىپپەت-نومۇسنى سېتىشتەك جىنايى قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن، بولۇپمۇ مەلۇم بىر ئەرنىڭ چېكىملىككە بېرىلىپ قېلىش كاساپىتى بىلەن، ئۆز ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىپلا قالماستىن، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئائىلىسىنى جۈملىدىن بارلىق ئائىلە مال-بىساتىنى ۋەيران قىلغانلىقى، ھەتتا زومىگەرلىك قىلىپ پىچاق تەڭلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ ئۆز ئۆلۈملۈكىگە ساقلاۋاتقان پۇلىنىمۇ بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقى، ئۆز ئانىسىنىڭ ئامالسىزلىقتىن كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقى، بۇ چەككۈچىنىڭ ئۆز ئايالىنى كوچىغا چىقىپ ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ (ئىپپەت-نومۇسنى ساتسىمۇ) پۇل تېپىپ كېلىشكە زورلىغانلىقى، خروئىن سېتىۋېلىشقا پۇل قالمىغاندا، كۆزىگە ھېچكىم كۆرۈنمەي ئۇقۇشماي قېلىپ، ھەتتا ئۆز سىڭلىسىنىمۇ بۇلىغانلىقى قاتارلىق قىلمىشلار ئىپادىلەنگەن. فىلىمدا يەنە ساقچى خادىملارنىڭ زەھەر ساتقۇچى جىنايەتچى ۋە زەھەر چەككۈچى چېكەرمەنلەرگە زەربە بېرىش يولىدا كۆرسەتكەن چېۋەرلىكى ۋە جاسارىتىمۇ تەبىئىي نامايان قىلىنغان. بۇ فىلىم ھەرقايسى ساھەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر كۆرۈشكە ۋە كۆرۈپ بولۇپ ئىسلامىيەت نۇقتىسىدىن، جەمئىيەت، مىللەت ۋە ئۆز ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ ئىستىقبالى نۇقتىسىدىن چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# هىجرىيە يىلنامىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

△ شەمشىددىن ھاجى

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، سۇلالە تەۋەلىكىنى ئىسلاملاشتۇرۇپ ۋە كېيىنچە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىنىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، هىجرىيە يىلنامىسى پۈتۈن سىتېمىسى بويىچە ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر ئارىسىغا يىلنامە سۈپىتىدە تارقالدى ۋە ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى يىلنامىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دىنىي ئىشلار ھەم دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار، شۇنداقلا تۇرمۇش ساھەلىرىدىمۇ بۇ يىلنامە قوللىنىلىدىغان بولدى، ئۇيغۇرلاردىن چىققان نۇرغۇن ئالىملار — تارىخچىلار، تىلچىلار، ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار، تېۋىپلار، نەغمە-سەنئەتچىلەرمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ۋاقىتنى هىجرىيە يىلنامىسى بويىچىلا بايان قىلدى، نۇرغۇن تارىخىي ۋەسىقىلىرىمىز شۇ يىلنامە بويىچە ساقلىنىپ قالدى، پەقەت يېقىنقى زامانغا كەلگەندىلا، مىلادىيە يىلنامىسى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىپ، ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللىدى، ئەمما دىنىي ساھەدە، بولۇپمۇ ھېيت-ئايەملەرنىڭ ۋاقتىنى ھېسابلاشتا، يەنىلا هىجرىيە يىلنامىسى قوللىنىلماقتا، خەلقئارادا بولسا، ئىسلام-ئەرەب ئەللىرى، بولۇپمۇ ئەرەب ئەللىرى دىنىي ساھەدىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى تۇرمۇشتىمۇ كۆپىنچە هىجرىيە يىلنامىسىنى قوللانماقتا. بۇ يىلنامە 10-ئەسىردە شىنجاڭ رايونىغا كىرىپ، 13-ئەسىر(مىلادى 1267-يىلى) گە كەلگەندە، ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. شۇڭا، بۇ ماقالىمىزدا هىجرىيە يىلنامىسى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بەرمەكچىمىز.

## 1. هىجرىيە يىلنامىسىنىڭ بېكىتىلىشى

هىجرىيە يىلنامىسى ئىسلام دىنى يىلنامىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ، يىل، ئاي، كۈنلەرنى ئاينىڭ ھەرىكىتى بويىچە ھېسابلايدىغان ۋە هىجرەت (كۆچۈش) يىلىنى باش يىل قىلغان بىر خىل قەمەرىيە يىلنامىسى بولۇپ، ئەسلىدە ئەرەبلەرنىڭ قەمەرىيە يىلنامىسى ئاساسىدا بارلىققا كېلىپ، ئىسلام دىنى ئارقىلىق دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا (بولۇپمۇ دىنىي ساھەدە) ئومۇملاشقان بىر خىل يىلنامىدۇر.

هىجرىيە يىلنامىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى ئەرەبىستاندا تەرغىب قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا قوللىنىلغان ئەمەس، ئىسلام دىنى تەرغىب قىلىنىپ 30 يىلدەك ۋاقىتقىچە (610 يىلدىن 639-يىلغىچە) يەنىلا ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى يىلنامىسى قوللىنىپ كېلىنگەندى.

ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا روناق تېپىشتىن ئىلگىرى، ئەرەبلەرنىڭ ئىككى خىل يىلنامىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا قوللىنىلىدىغان، ۋاقىتنى كۈن(قۇياش)نىڭ ھەرىكىتى بويىچە ھېسابلايدىغان شەمسىيە❶ يىلنامىسى، يەنى بىرسى، دىنىي پائالىيەتلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلىكلەر ۋاقتىنى ھېسابلاشتا قوللىنىدىغان، ۋاقىتنى ئاينىڭ ھەرىكىتى بويىچە ھېسابلايدىغان قەمەرىيە❷ يىلنامىسى ئىدى.

ئەرەبىستاندا ئىسلام دىنى روناق تېپىپ، ئىسلام ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنىپ ۋە بىرمۇنچە چەت ئەللەرگىچە كېڭىيىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىگە كەلگەندە، دۇنيادا شۇنچە زور نوپۇزغا ئىگە بولغان، يالغۇز ئەرەبىستان بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان ئىسلام دىنىنىڭمۇ ئىسلام دىنى ۋەقەلىكلىرىنى ھېسابلايدىغان، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئورتاق قوللىنىدىغان مەخسۇس يىلنامىسى بولۇشى لازىملىقى ھېس قىلىنغان ۋە رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ مەسىلە

---

❶ شەمس — ئەرەبچە سۆز بولۇپ ”كۈن، قۇياش“ مەنىسىدە.

❷ قەمەر — ئەرەبچە سۆز بولۇپ ”ئاي“ مەنىسىدە.

مۇھاكىمىگە قويۇلغاندا، شۇنداق بىر يىلنامىنىڭ بولۇشىنى ھەممەيلەن ماقۇللىغان، ئەمما قايسى ۋاقىتنى يىل بېشى قىلىش مەسىلىسىدە تۈرلۈك لايىھىلەر چۈشكەن: بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى (مىلادى 570-يىلى يەنى پىل يىلىنى) ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىشنى، چۈنكى ئاللاتائالا شۇ يىلى خاتىمۇل ئەنبىيا (پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى يەنى ئاخىرقىسى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ بەزىلەر ئاللاتائالادىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيى كەلگەن يىلنى (مىلادى 610-يىلنى) ئىسلام دىنىنىڭ باش يىلى قىلىش كېرەك، چۈنكى ئاللاتائالا شۇ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىشقا ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ تاللاپ، ئىسلام دىنىنى روناق تاپقۇزغان، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان؛ يەنە بىرمۇنچىلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىمۇكەررەمەدىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىپ (كۆچۈپ) كېلىشى ئىسلام دىنى تارىخىدا ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان ئۇلۇغ ۋەقە، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىسلام دىنى، مۇسۇلمانلار ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام رىيازەت چېكىش دەۋرىدىن روناق تېپىش دەۋرىگە قەدەم قويدى، شۇڭا مۇشۇ ھىجرەت بولغان يىلنى (مىلادى 622-يىلنى) ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل پىكىرنىڭ ئۈچىسىلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى. ئاخىرى ئۈچىنچى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (مىلادى 634-يىلدىن 644-يىلغىچە خەلىپە بولغان) مىلادى 639-يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل پىكىرنىڭ ئۈچىنچىسىنى يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىمۇكەررەمەدىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلغان مىلادى 622-يىلنى ئىسلام دىنى يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىشنى ماقۇللىغان ۋە بۇ يىلنامىنىڭ نامىنى "ھىجرىيە" دەپ ئاتاشنى بەلگىلىگەن. ئەسلىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمەدىن ھىجرەت قىلىپ، مىلادى 622-يىل 9-ئاينىڭ 24-كۈنى مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە يېتىپ كەلگەنىدى. ئەمما ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە ھېسابلاشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ ۋاقىتنى ئىككى ئايدىن ئارتۇقراق ئالدىغا سۈرۈپ، ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قەمەرىيە يىلىنىڭ يېڭى يىل بېشىنى يەنى مىلادىيە بويىچە 622-يىل 7-ئاينىڭ 16-كۈنىنى ھىجرىيە باش يىلىنىڭ يىل بېشى (يېڭى يىل بايرىمى كۈنى) قىلىپ بېكىتكەن. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، ھازىرغا قەدەر بۇ يىلنامە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا بۇ يىل مىلادىيە بويىچە 1377 يىل، ھىجرىيە بويىچە 1420 يىل بولدى (بۇ يىل يەنى مىلادىيە 1999-يىل 4-ئاينىڭ 17-كۈنى ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ 1420-يىلى كىردى). لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ يىل ھىجرىيىنىڭ 1420-يىلى دېگەنلىك ھەرگىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلغىنىغا 1420-يىل بولدى، دېگەنلىك ئەمەس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنى تەرغىباتى بۇنىڭدىن مىلادىيە بويىچە 12 يىل ئىلگىرى، ھىجرىيە بويىچە 13 يىل ئىلگىرى (ئادەتتە شۇنداق دېيىلىدۇ) يەنى مىلادىيە 610-يىلى 9-ئايدا ھىرا غارىدا ئاللاتائالادىن ۋەھيى چۈشكەندىن كېيىنلا باشلانغان. شۇڭا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىشقا باشلىغىنىغا مىلادىيە بويىچە 1389 يىل، ھىجرىيە بويىچە 1433 يىل بولدى، دېيىمىز.

### 2. ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ ئايلىرى

ھىجرىيە يىلنامىسىدىمۇ مىلادىيە يىلنامىسى، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قەمەرىيە يىلنامىسى (دېھقانلار كالېندارى) قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىر يىل 12 ئايغا بۆلۈنىدۇ، ئەمما باشقا يىلنامىلاردىكىدەك مۇقىم پەسىللەرگە بۆلۈنمەيدۇ. ھىجرىيە يىلنامىسىدىكى ئايلارنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە:

1-ئاي مۇھەررەم
2-ئاي سەفەر
3-ئاي رەبىئۇل ئەۋۋەل
4-ئاي رەبىئۇل سانى (رەبىئۇل ئاخىر)
5-ئاي جەمادىئۇل ئەۋۋەل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



6-ئاي جەمادىئۇل سانى(جەمادىئۇل ئاخىر)
7-ئاي رەجەب
8-ئاي شەئبان
9-ئاي رەمەزان
10-ئاي شەۋۋال
11-ئاي زۇلقەئدە
12-ئاي زۇلھەججە

ئۇيغۇرلار بۇ ئايلارنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشىنى قوللىنىشتىن سىرت، ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ئايلارنى باشقا ناملار بىلەنمۇ ئاتاپ كەلگەن، مەسىلەن، 8-ئاي شەئباننى"بارات ئاي" دەپمۇ ئاتايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، بۇ ئاينىڭ 15-كېچىسى "بارات كېچىسى" ھېسابلىنىدۇ. "بارات" دېگەن سۆز "كەچۈرۈم قىلىش" مەنىسىدە بولۇپ، ئىسلام تەلىماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ كېچىسى ئاللاتائالا مەغپىرەت، رەھمەت دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، شۇڭا، مۇسۇلمانلار بۇ كېچىنى "گۇناھ مەغپىرەت قىلىنىش كېچىسى" دەپ قاراپ، بۇ كېچىدە كۆپىنچە تائەت-ئىبادەت، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ناماز ئوقۇپ، سەدىقە ئاتاپ، روزا تۇتۇپ، ئاللاتائالانىڭ ئىلتىپاتى ۋە كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلەيدۇ، شۇڭا "بارات ئاي"دەپ ئۇلۇغلايدۇ؛ يەنە مەسىلەن، ھىجرىيە 9-ئاي— "رامزان" روزا تۇتىدىغان ئاي بولغاچقا، بۇ ئاينى "روزا ئاي" دەپ ئاتايدۇ؛ ھىجرىيە 10-ئاي— "شەۋۋال"دا روزا ھېيت بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئاينى "ھېيت ئاي" دەپ ئاتايدۇ؛ ھىجرىيە 11-ئاي — "زۇلقەئدە" دەل روزا ھېيت كېلىدىغان "شەئبان" بىلەن قۇربان ھېيت كېلىدىغان 12-ئاي "زۇلھەججە" ئايلىرى ئارىلىقىدا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئاينى "ئارائاي" دەپ ئاتايدۇ، ۋەھاكازالار.

ھىجرىيە يىلنامىسىدا ئادەتتە ئايلار چوڭ ئاي ۋە كىچىك ئاي دەپ ئايرىلىدۇ، بىر يىللىق 12 ئاي ئىچىدە تاق ئايلار يەنى 1-، 3-، 5-، 7-، 9-، 11-ئايلار چوڭ ئاي ھېسابلىنىپ، ھەربىر ئاي 30 كۈن بولىدۇ؛ جۈپ ئايلار يەنى 2-، 4-، 6-، 8-، 10-، 12-ئايلار كىچىك ئاي ھېسابلىنىپ، ھەربىر ئاي 29 كۈن بولىدۇ.

ئەمما بۇ ئايلار ئىچىدە، 9-ئاي "رامزان" روزا تۇتىدىغان ئاي بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: "**سىلەر رامزان ئېيىدىن بۇرۇن روزا تۇتماڭلار، سىلەر ئاي كۆرۈپ روزىنى باشلاڭلار، ئاي كۆرۈپ روزىنى تاماملاڭلار، ئەگەر ئاينى بۇلۇت توسۇۋالغان بولسا، شەئبان ئېيىنى 30 كۈن توشقۇزۇڭلار**" دېگەن ھەدىسى بويىچە، 8-ئاي "شەئبان" (29كۈنلۈك كىچىك ئاي)نىڭ 29-كۈنى كەچتە ئايغا قاراش كېرەك، ئەگەر ھىلال ئاي (يېڭى ئاي) كۆرۈنسە، "شەئبان" ئېيى ئاخىرلىشىپ، روزا ئاي (9-ئاي) باشلانغان بولىدۇ-دە، ئەتىسى سەھەردە روزىغا كىرىش كېرەك، بۇ چاغدا 8-ئاي ئەسلىدىكىسى بويىچە كىچىك ئاي بولىدۇ؛ ناۋادا ھىلال ئاي كۆرۈنمىسە، ئىككىنچى كۈنىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ 3-كۈنى سەھەردە روزىغا كىرىش كېرەك، بۇ كۈن 9-ئاينىڭ (روزا ئاينىڭ) بىرىنچى كۈنى بولىدۇ، بۇ ھالدا 8-ئاي 30 كۈنلۈك چوڭ ئاي ھېسابلىنىدۇ؛ روزا تۇتۇپ رامزاننىڭ يەنى 9-ئاينىڭ 29-كۈنى كەچتە يەنە ئايغا قاراش كېرەك، ئەگەر ھىلال ئاي كۆرۈنسە، رامزان (9-ئاي) ئاخىرلىشىپ، شەۋۋال(10-ئاي) باشلانغان بولىدۇ-دە، ئەتىسى روزا ھېيت كۈنى بولىدۇ، بۇ ھالدا 9-ئاي كىچىك ئاي ھېسابلىنىدۇ؛ ناۋادا ھىلال ئاي كۆرۈنمىسە، روزىنى يەنە بىر كۈن ئۇزارتىش كېرەك، بۇ چاغدا 9-ئاي يەنىلا چوڭ ئاي ھېسابلىنىدۇ. دىققەت قىلىش كېرەككى، ھىلال ئاي كۆرۈنمەي قالغاندا، روزىنى پەقەت بىر كۈنلا ئۇزارتىپ (ئۇ ئاخشىمىمۇ ھىلاي ئاي كۆرۈنمىگەن تەقدىردىمۇ) ئەتىسى روزا ھېيت قىلىش كېرەك، چۈنكى ئىككىنچى كۈنى يەنە ھىلال ئايغا قاراش ھاجەت ئەمەس، ئەگەر ھىلال ئاي يەنە كۆرۈنمىدى، دەپ روزا تۇتۇلسا دۇرۇس بولمايدۇ؛ چۈنكى بۇ كۈن روزا ھېيتقا تەۋە بولۇپ، بەلگىلىمىدە ھېيت كۈنى روزا تۇتۇش ھارام (مەنئى) قىلىنغان.

ھازىرقى ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ، ئاي-كۈنلەرنىڭ ۋاقتلىرى ئېنىق ھېسابلىنىپ چىقىلغان ھەتتا ئىسلام ئەللىرىنىڭ دۆلەت رەسەتخانىلىرىمۇ ئىلمىي ئۇسۇللار ئارقىلىق كۆزىتىپ، رامزاننىڭ كىرىش ۋاقتى ۋە روزا ھېيت ۋاقتىنى ئېنىق ھېسابلاپ چىقىپ، خەلقئاراغا

جاكارلىغان ۋە كۆپ ئەللەر شۇ بويىچە ئىجرا قىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن مۇسۇلمانلار يەنىلا ئايغا قاراپ بېكىتىشنى ئۇنىڭغا بىرلەشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

ھازىر مىلادىيە بويىچە ھېسابلىغاندا، كۆپىنچە ئەرەب ئەللىرى ھېيت نامىزىنى بىزدىن بىر كۈن ئىلگىرى ئۆتەيدۇ، بۇ ھەرگىز ئۇلاردا ياكى بىزدە ۋاقىت ھېسابلاش جەھەتتە سەۋەنلىك كۆرۈلگەنلىكىدىن بولغان ئەھۋال ئەمەس، بەلكى دۆلەتلەر ئارا ۋاقىت پەرقى بولغانلىقىدىن يەنى ئۇلارنىڭ ۋاقتى بىزدىن ئىلگىرى بولىدىغانلىقىدىن، شۇنداقلا ھجرىيە يىلنامىسىدا قۇياشنىڭ(كۈننىڭ) ئولتۇرۇشى ئىككىنچى بىر كۈننىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدىغانلىقىدىن بولغان.

ئەمەلىيەتتە ھجرىيە يىلنامىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىگە ئىسلام ئەللىرى ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ۋە بۇ مەسىلىنى ھەرقايسى ئەللەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قەدىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم مەسىلە دەپ قاراپ، 1978-يىلى بىر قىسىم ئىسلام ئەللىرى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە "ھجرىيە يىلنامىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنى" ئېچىپ، ھجرىيە ئايلىرىنىڭ 1-كۈننى قانداق بەلگىلەش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغانىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن قېتىم يىغىنلار ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ مەسىلە مۇھاكىمە قىلىندى، بولۇپمۇ 1985-يىل 9-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 6-نۆۋەتلىك "ھجرىيە يىلنامىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنى"دا، ھەرقايسى ئەللەر ۋەكىللىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ بۇ يىلنامىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى، يىلنامىنى ھېسابلاش ئۆلچىمىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن كالېندار تۈزۈپ چىقتى. ھازىر دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئايغا قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسەن مۇشۇ بىرلىككە كېلىنگەن كالېندار بويىچە ئىش كۆرمەكتە. مەملىكىتىمىزدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈپ بېسىپ تارقىتىلغان «ئۈچ خىل يىلنامىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى»دە كۆرسىتىلگەن ھېيت-ئايەملەر ۋاقتى دەل ئىسلام ئەللىرى بىرلىككە كەلتۈرگەن كالېندار بويىچە ئىشلەنگەن.

### 3. ھجرىيە يىلنامىسىنىڭ ھېسابلىنىشى

بىزگە مەلۇم، مىلادىيە يىلنامىسى ۋاقتىنى كۈن يەنى قۇياشنىڭ ھەرىكىتى بويىچە ھېسابلايدىغان شەمسىيە يىلنامىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر يىل 365 كۈن 5 سائەت 48 مىنۇت 46 سېكۇنت بولىدۇ، ئادەتتە بىر يىل 365 كۈن ھېسابلىنىپ، ھەر يىلدىن ئاشقان ۋاقىت يىغىلىپ 4 يىلدا بىر كەبىسە كۈنى چىقىدۇ-دە، بۇ بىر كۈن 4-يىلدىكى 2-ئايغا قوشۇلۇپ، بۇ يىل كەبىسە يىلى دەپ ئاتىلىش بىلەن 366 كۈن بولىدۇ. ھجرىيە يىلنامىسى بولسا، ۋاقتىنى نوقۇل ئاينىڭ ھەرىكىتى بويىچە ھېسابلايدىغان قەمەرىيە(ئايلىق) يىلنامە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاينىڭ يەر شارىنى بىر نۆۋەت ئايلىنىشى ئۈچۈن 29 كۈندىن ئارتۇقراق ۋاقىت كېتىدىغانلىقى قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئاينىڭ بىر نۆۋەت تولۇن-كەمتۈك بولۇش دەۋرلىكى بىر ئاي ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ۋاقتى 29 كۈن 12 سائەت 44 مىنۇت 2.8 سېكۇنت بولىدۇ، ئاينىڭ تولۇن-كەمتۈكلىكىنىڭ 12 دەۋرى بىر يىل ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ ۋاقتى 354 كۈن 8 سائەت 48 مىنۇت 33.6 سېكۇنت بولىدۇ. ھەربىر ئاي شۇ ئاينىڭ 1-كۈنى چىققان ھىلال ئاي بىلەن باشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، تاق ئايلار چوڭ ئاي (30 كۈنلۈك)، جۈپ ئايلار كىچىك ئاي (29 كۈنلۈك) بولۇپ، بىر يىل 354 كۈن بولىدۇ، ھەر يىلى ئاشقان 8 سائەت 48 مىنۇت 33.6 سېكۇنت يىغىلىپ 3 يىل ئەتراپىدا بىر كۈن ئارتۇق چىقىدۇ، بۇ بىر كۈن 3-يىلنىڭ 12-ئېيىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ(يەنى 12-ئاي چوڭ ئايغا ئايلاندۇرۇلۇپ) كەبىسە يىلى قىلىنىش بىلەن، بۇ يىلنىڭ ۋاقتى ئادەتتىكى يىلدىكىدىن بىر كۈن ئارتۇق يەنى 355 كۈن بولىدۇ.

ھجرىيە يىلنامىسىدا 30 يىل بىر دەۋر قىلىنىپ، ھەربىر دەۋرنىڭ (30 يىلنىڭ) 1-، 3-، 4-، 6-، 8-، 9-، 11-، 12-، 14-،

15-، 17-، 19-، 20-، 22-، 23-، 25-، 27-، 28-، 30-يىللىرىدىن ئىبارەت 19 يىل ئادەتتىكى يىللار بولۇپ 354 كۈندىن بولىدۇ، قالغان 11 يىل يەنى 2-، 5-، 7-، 10-، 13-، 16-، 18-، 21-، 24-، 26-، 29-يىللار كەبىسە يىللار بولۇپ، 355 كۈندىن بولىدۇ. بۇ خىل ئادەتتىكى يىل ۋە كەبىسە يىللارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇقىم يەنى 30 يىلدا 11 كەبىسە يىل، 120 يىلدا 44 كەبىسە يىل بولۇپ، ھەر 210 يىلدا مۇشۇنداق تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ھىجرىيە يىلنامىسىدا يىل، ئاي، كۈنلەر ئايغا قاراپ ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، مىلادىيە يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، ھەر يىلى 10 كۈن 21 سائەت 1 مىنۇت، 2.7 يىلدا بىر ئاي، 32.6 يىلدا بىر يىل پەرقلىق بولىدۇ (ئادەتتە مىلادىيە يىلنامىسىغا سېلىشتۇرغاندا ھىجرىيە يىلنامىسىدا ھەر يىلى 10 كۈن، 3 يىلدا بىر ئاي، 32 يىلدا بىر يىل پەرق بولىدۇ دەۋاتقىنىمىز مۇشۇ ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە ھېيت-ئايەملىرىمىزنىڭ مىلادىيە يىلنامىسىدىكى بۇ يىلقى ۋاقتىنىڭ ئۆتكەن يىل ۋە كېلەر يىلدىكىگە ئوخشىماي قېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەردە) . شۇڭا، مىلادىيە يىلنامىسىدا 32 يىل دەل ھىجرىيە يىلنامىسىدا 33 يىل بولۇپ، مىلادىيەدىن بىر يىل ئارتۇق چىقىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا مىلادىيە يىلنامىسىدا ئومۇمەن ھەر يىلى مۇقىم بولغان پەسىل ۋە ئايلار ھىجرىيە يىلنامىسىدا بولسا مۇقىم بولمايدۇ، تەخمىنەن ھەر 32.6 يىلدا بىر قېتىم دەۋر قىلىپ ئالمىشىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، دەسلەپكى 30 يىلنى ئالساق، ھىجرىيە 1-يىلىدىكى 1-ئاي مىلادىيە 622-يىل 7-ئايغا توغرا كېلىپ، ياز پەسلى ئىدى؛ ھىجرىيە 10-يىلىدىكى 1-ئاي بولسا، مىلادىيە 631-يىلى 4-ئاي بولۇپ، باھار پەسلىگە توغرا كەلدى؛ ھىجرىيە 20-يىلىدىكى 1-ئاي مىلادىيە 640-يىلى 12-ئايغا توغرا كېلىپ، قىش پەسلى ئىدى؛ ھىجرىيە 30-يىلىدىكى 1-ئاي بولسا، مىلادىيىدە 650-يىلى 9-ئاي بولۇپ، كۈز پەسلىگە توغرا كەلدى.

يېقىنقى 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ئالىدىغان بولساق، ھىجرىيە 1394-يىلىدىكى يېڭى يىل (1-ئاي) مىلادىيىدە 1974-يىل 1-ئايدا بولۇپ، قىش پەسلىدە كەلگەنىدى؛ ھىجرىيە 1404-يىلىدىكى يېڭى يىل (1-يىل) بولسا، مىلادىيىدە 1983-يىل 10-ئايدا كېلىپ، كۈز پەسلىگە توغرا كەلدى؛ ھىجرىيە 1414-يىلىدىكى يېڭى يىل (1-ئاي) مىلادىيىدە 1992-يىل 7-ئايدا بولۇپ، ياز پەسلىدە كەلگەنىدى، ئەمدى بۇ يىلقى يېڭى يىل (ھىجرىيە 1420-يىل 1-ئاي) بولسا، مىلادىيىدە بۇ يىل (1999-يىل) 4-ئايدا كېلىپ، باھار پەسلىگە توغرا كەلدى.

ھىجرىيە يىلى مىلادىيە يىلىدىن ھەر يىلى 10 كۈندىن ئارتۇقراق كەم بولغاچقا، ھىجرىيە بويىچە كېلىدىغان ئىسلام دىنىنىڭ ھېيت-ئايەم ۋە رامىزان ئېيى ھەر خىل پەسىللەردە كېلىشتىن سىرت، ھەتتا مىلادىيىنىڭ بىر يىلىدا قوشلاپ كېلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ، بۇ ھالمۇ تەخمىنەن مىلادىيە 32 يىلدا بىر قېتىم تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ ۋە 1-ھېيت-ئايەم مىلادىيىنىڭ يىل بېشىغا توغرا كېلىپ قالغان ئەھۋالدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ھىجرىيىنىڭ 1396-يىللىق يېڭى يىل بايرىمىنى ئالساق، يېڭى يىل بايرىمى مىلادىيە 1976-يىل 1-ئاينىڭ 3-كۈنى بولغانىدى، ھىجرىيە 1397-يىللىق يېڭى يىل بايرىمىمۇ مىلادىيىنىڭ شۇ يىلىدا، يەنى 1976-يىل 12-ئاينىڭ 23-كۈنى بولدى؛ ھىجرىيىنىڭ 1429-يىللىق يېڭى يىل بايرىمى مىلادىيە 2008-يىلى 1-ئاينىڭ 8-كۈنى بولىدۇ، ھىجرىيە 1430-يىللىق يېڭى يىل بايرىمىمۇ مىلادىيىنىڭ شۇ يىلىدا، يەنى 2008-يىلى 12-ئاينىڭ 29-كۈنى كېلىدۇ، ھىجرىيىنىڭ 1463-يىللىق يېڭى يىل بايرىمى 2041-يىلى 1-ئاينىڭ 4-كۈنى كېلىدۇ، ھىجرىيە 1464-يىللىق يېڭى يىل بايرىمىمۇ مىلادىيىنىڭ شۇ يىلى يەنى 2041-يىلى 12-ئاينىڭ 24-كۈنى كېلىدۇ.

رامىزان ئېيى روزا ھېيت بايرىمىمۇ شۇ قانۇنىيەت بويىچە ماڭىدۇ. مەسىلەن، ھىجرىيىنىڭ 1384-يىللىق رامىزان ئېيى (روزا تۇتۇش)مۇ مىلادىيە 1965-يىل 1-ئاينىڭ 4-كۈنى باشلانغانىدى، 1385-يىللىق رامىزان ئېيى (روزا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇتۇش) مۇشۇ يىلى 1965-يىلى 12-ئاينىڭ 24-كۈنى باشلاندى؛ ھجرىيىنىڭ 1417-يىللىق رامىزان ئېيى ئالدىنقى يىلى يەنى مىلادىيە 1997-يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنى باشلانغانىدى، 1418-يىللىق رامزان ئېيىمۇ مۇشۇ يىلى يەنى 1997-يىل 12-ئاينىڭ 31-كۈنى باشلاندى؛ ئالدىمىزدا ھجرىيىنىڭ 1451-يىللىق رامزان ئېيى مىلادىيە 2030-يىل 1-ئاينىڭ 6-كۈنى باشلىنىدۇ، 1452-يىللىق رامزان ئېيى (روزا تۇتۇش) مۇ ئاشۇ يىلى يەنى 2030-يىل 12-ئاينىڭ 26-كۈنى باشلىنىدۇ.

روزا ھېيتمۇ شۇنداق بولىدۇ، مەسىلەن، ھجرىيىنىڭ 1387-يىلدىكى روزا ھېيت مىلادىيە 1968-يىل 1-ئاينىڭ 2-كۈنى كەلگەنىدى، 1388-يىلدىكى روزا ھېيتمۇ ئاشۇ يىلى يەنى 1968-يىل 12-ئاينىڭ 22-كۈنى كەلدى؛ ھجرىيىنىڭ 1420-يىلدىكى روزا ھېيت كېلەر يىلى يەنى مىلادىيە 2000-يىل 1-ئاينىڭ 8-كۈنى كېلىدۇ، ھجرىيە 1421-يىللىق روزا ھېيتمۇ كېلەر يىلى يەنى 2000-يىل 12-ئاينىڭ 28-كۈنى كېلىدۇ؛ ھجرىيىنىڭ 1454-يىلدىكى روزا ھېيت مىلادىيە 2033-يىل 1-ئاينىڭ 3-كۈنى كېلىدۇ، ھجرىيە 1455-يىللىق روزا ھېيتمۇ ئاشۇ يىلى يەنى 2033-يىل 12-ئاينىڭ 23-كۈنى كېلىدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكى تۆت مىلادىيە يىلىنىڭ ھەر يىلدا ئىككى روزا ھېيت ۋە بىر قۇربان ھېيت بولۇپ، بىر يىلدا ئۈچ ھېيت كەلگەن ياكى كېلىدۇ.

قۇربان ھېيت ۋە ھەج تاۋاپىنىڭ باشلىنىشىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن، ھجرىيىنىڭ 1393-يىلدىكى قۇربان ھېيت مىلادىيە 1974-يىل 1-ئاينىڭ 4-كۈنى بولغانىدى (ھجرىيىدىكى شۇ يىللىق ھەج تاۋاپىمۇ مىلادىيە 1974-يىل 1-ئاينىڭ 3-كۈنى باشلانغانىدى)، ھجرىيە 1394-يىللىق قۇربان ھېيتمۇ ئاشۇ يىلى يەنى مىلادىيە 1974-يىل 12-ئاينىڭ 25-كۈنى بولدى (ھجرىيىدىكى شۇ يىللىق ھەج تاۋاپىمۇ 1974-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈنى باشلاندى)؛ ھجرىيىنىڭ 1426-يىلدىكى قۇربان ھېيت مىلادىيە 2006-يىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى بولدۇ (ھجرىيىدىكى شۇ يىللىق ھەج تاۋاپىمۇ مىلادىيە 2006-يىل 1-ئاينىڭ 9-كۈنى بولدۇ)، ھجرىيە 1427-يىللىق قۇربان ھېيتمۇ ئاشۇ يىلى يەنى مىلادىيە 2006-يىل 12-ئاينىڭ 31-كۈنى بولدۇ (ھجرىيىدىكى شۇ يىللىق ھەج تاۋاپىمۇ مىلادىيە 2006-يىل 12-ئاينىڭ 30-كۈنى باشلىنىدۇ)، ھجرىيىنىڭ 1460-يىلدىكى قۇربان ھېيت مىلادىيە 2039-يىل 1-ئاينىڭ 6-كۈنى بولىدۇ (ھجرىيىدىكى شۇ يىللىق ھەج تاۋاپىمۇ مىلادىيە 2039-يىل 1-ئاينىڭ 5-كۈنى باشلىنىدۇ)، ھجرىيە 1461-يىللىق قۇربان ھېيتمۇ ئاشۇ يىلى يەنى مىلادىيە 2039-يىل 12-ئاينىڭ 26-كۈنى بولىدۇ (ھجرىيىدىكى شۇ يىللىق ھەج تاۋاپىمۇ مىلادىيە 2039-يىل 12-ئاينىڭ 25-كۈنى باشلىنىدۇ).

### 4. ھجرىيە يىلنامىسى بىلەن مىلادىيە يىلنامىسىنى سۇندۇرۇپ ھېسابلاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى

ھجرىيە يىلنامىسى بىلەن مىلادىيە يىلنامىسىنىڭ ھېسابلاش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە بۇلاردىن بىرسىلا بېرىلگەن ئەسەر-ماقالىلەردىكى يىل ۋاقتىنى ئېھتىياج بولغان ئىككىنچى بىرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاشتا، ھامان بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. شۇڭا ھېسابلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، تۆۋەندە بۇ ئىككى يىلنامىنى بىر-بىرىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاشنىڭ ئاددىي بىر خىل ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئەگەر ھجرىيە يىلى ئېنىق بېرىلگەن بولسا، ھجرىيە يىلىنى مىلادىيە يىلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاشتا، تۆۋەندىكى فورمۇلادىكى X نىڭ ئورنىغا ھجرىيە يىلى سانىنى قويۇپ ھېسابلىساق بولىدۇ:

مىلادىيە يىلى $=622+X-\frac{X}{33}$

ئەگەر مىلادىيە يىلى ئېنىق بېرىلگەن بولسا، مىلادىيە يىلىنى ھجرىيە يىلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاشتا، تۆۋەندىكى فورمۇلادىكى X نىڭ ئورنىغا مىلادىيە يىلى سانىنى قويۇپ ھېسابلىساق بولىدۇ:

www.uyghurkitap.com

$$\text{هجرىيه يىلى} = X-622+\frac{X-622}{32}$$

ياكى مۇنداق فورمۇلادا ھېسابلىساقمۇ بولىدۇ:

$$\text{ملادىيه يىلى} = \text{هجرىيه يىلى} - \frac{\text{هجرىيه يىلى}}{33} + 622$$

$$\text{هجرىيه يىلى} = \text{ملادىيه يىلى} - 622 + \frac{\text{ملادىيه يىلى} - 622}{32}$$

مەسىلەن، بۇ يىل ملادىيه 1999-يىل 4-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 2000-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە هجرىيىنىڭ 1420-يىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇنى ھېسابلاش ئۇسۇلى مۇنداق:

$$1999-622+\frac{1999-622}{32}=1420 \quad (\text{هجرىيه})$$

بۇ يىلقى ملادىيه يىلىنىمۇ مۇنداق ھېسابلاپ چىقىمىز:

$$622+1420-\frac{1420}{33}=1999 \quad (1999/2000)$$

هجرىيه 1380-يىلى ملادىيەنىڭ 1960-يىلى بولىدۇ، بۇمۇ يۇقىرىقىدەك ھېسابلىنىدۇ:

$$622+1380-\frac{1380}{33}=1960 \quad (1960/1961)$$

$$1960-622+\frac{1960-622}{32}=1380 \quad (\text{هجرىيه})$$

ئادەتتە هجرىيه يىلى كۆپ ھاللاردا ملادىيىنىڭ ئىككى يىلى ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ (پەقەت تەخمىنەن 32 يىلدىلا بىر يىلغا توغرا كېلىشى مۇمكىن، مەسىلەن، هجرىيه 1396-يىلى ملادىيىنىڭ 1976-يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 22-كۈنىگىچە بولىدۇ. هجرىيه 1429-يىلىمۇ ملادىيىنىڭ 2008-يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 28-كۈنىگىچە بولىدۇ.) شۇڭا، هجرىيه يىلىدىن ملادىيه يىلىنى ھېسابلاپ چىقارغاندا، ئادەتتە ملادىيىنىڭ بىرلا يىلى ئەمەس، بەلكى ئىككى يىلى يەنى ھېسابلاپ چىقارغان يىل بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىل قوشۇپ يېزىلىدۇ (مەسىلەن، هنجرىيه 1420-يىل ملادىيه يىلىدا 1999/2000-يىللار دەپ يېزىلىدۇ). شۇنداقلا، يۇقىرىدىكى ھېسابلاش ئۇسۇلىدىكى بۆلۈنمىدە ئاشقان كەسىر سان پۈتۈن سانىنىڭ يېرىمىغا يەتمىسە، بۇ كەسىر سان قالدۇرۇلىدۇ، يېرىمىدىن ئېشىپ كەتسە پۈتۈن قىلىپ ئېلىنىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدا پەقەت يىلنىلا (تەخمىنى) ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ. ئاي-كۈنلەرنى ھېسابلاپ چىقىش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىنچىكە ھېسابلاش ئۇسۇلى بېرىلگەن مەخسۇس قوللانمىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

هجرىيىنىڭ ئاي، كۈنلىرىنى ھېسابلاشتا، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، هجرىيه يىلنامىسى ھەقىقىي تولۇق قەمەرىيه (ئاي) يىلنامىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، هجرىيه يىلنامىسىدا كۈننىڭ (قۇياشنىڭ) ئولتۇرۇشى بىر كۈننىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە هجرىيه يىلنامىسى بىلەن ملادىيه يىلنامىسىنى سۇندۇرۇپ ھېسابلاشتا، ھامان بىر كۈن پەرق چىقىپ قالىدۇ، مەسىلەن، قەدىرىيه كېچىسىنى ئالساق، بۇ كېچە ئادەتتە هجرىيه 9-ئاينىڭ (رامىزان ئېيىنىڭ) 27-كېچىسى دەپ قارىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، هجرىيه بويىچە بۇ كېچە رامىزاننىڭ 26-كۈنى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن، 27-كۈنىگە كىرگەن كېچىسى بولۇشى كېرەك، پەقەت مۇشۇ ۋاقىتلا، قەدىرىيه كېچىسىنىڭ توغرا ۋاقتى بولىدۇ، ھەرگىز ملادىيه بويىچە ھېسابلاپ، بۇ كېچىنى رامىزان ئېيىنىڭ 27-كۈنى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىنكى كېچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى، هجرىيه بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ كېچە رامىزاننىڭ 28-كۈنىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە قەدىرىيه كېچىسىنى تاپالمىغانلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»
2. «قىسقىچە ئۇلۇغ برىتانىيه ئېنسىكلوپېدىيىسى»
3. «دىن لۇغىتى»
4. «جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتى»نىڭ «ئىسلام كالېندارى» قىسمى
5. «ئىسلام دىنى ھېيت-ئايەملىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى»
6. «ئىسلام دىنىدىن ئومۇمىي مەلۇمات»
7. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى
8. «ئۇيغۇرلارنىڭ يىلنامە ھېسابلاش ئۇسۇلى»
9. «ئىسلام دىنىدىن ئاساسىي بىلىملەر»
10. «ئىسلام دىنى»


ژۇرنىلىمىز مۇشۇ سانىدىن باشلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت-ئايەملىرىنىڭ هجرىيه-ملادىيه يىلنامىلىرى بويىچە ھەر يىلى كېلىش ۋاقتى جەدۋىلىنى (2050-يىلغىچە) بەرمەكچىمىز.

# ھېيت-ئايەملەرنىڭ ھىجرىيە ۋە مىلادىيە يىللىرىدىكى ۋاقتى جەدۋىلى

## ھىجرىيە 1420-يىل* (مىلادىيە 1999- ۋە 2000-يىل ئۈچدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 1999-يىل 4-ئاينىڭ 17-كۈنى | شەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 4-ئاينىڭ 26-كۈنى | دۈشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 6-ئاينىڭ 26-كۈنى | شەنبە |
| مىئراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 11-ئاينىڭ 5-كۈنى | جۈمە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 11-ئاينىڭ 23-كۈنى | سەيشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 12-ئاينىڭ 9-كۈنى | پەيشەنبە |
| قەدرى كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 2000-يىل* 1-ئاينىڭ 3-كۈنى | دۈشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 1-ئاينىڭ 8-كۈنى | شەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 3-ئاينىڭ 16-كۈنى | پەيشەنبە |

## ھىجرىيە 1421-يىل (مىلادىيە 2000- ۋە 2001-يىل ئۈچدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2000-يىل* 4-ئاينىڭ 6-كۈنى | پەيشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 4-ئاينىڭ 15-كۈنى | شەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 6-ئاينىڭ 15-كۈنى | پەيشەنبە |
| مىئراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 10-ئاينىڭ 25-كۈنى | چارشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 11-ئاينىڭ 12-كۈنى | يەكشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 11-ئاينىڭ 28-كۈنى | سەيشەنبە |
| قەدرى كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 12-ئاينىڭ 23-كۈنى | شەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 12-ئاينىڭ 28-كۈنى | پەيشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 2001-يىل 3-ئاينىڭ 6-كۈنى | سەيشەنبە |

## ھىجرىيە 1422-يىل (مىلادىيە 2001- ۋە 2002-يىل ئۈچدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2001-يىل 3-ئاينىڭ 26-كۈنى | دۈشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 4-ئاينىڭ 4-كۈنى | چارشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 6-ئاينىڭ 4-كۈنى | دۈشەنبە |
| مىئراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 10-ئاينىڭ 14-كۈنى | يەكشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 11-ئاينىڭ 1-كۈنى | پەيشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 11-ئاينىڭ 17-كۈنى | شەنبە |
| قەدرى كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 12-ئاينىڭ 12-كۈنى | چارشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 12-ئاينىڭ 17-كۈنى | دۈشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 2002-يىل 2-ئاينىڭ 23-كۈنى | شەنبە |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ھىجرىيە 1423-يىل* (مىلادىيە 2002- ۋە 2003-يىل ئۈچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2002-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى | جۈمە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 3-ئاينىڭ 24-كۈنى | يەكشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 5-ئاينىڭ 24-كۈنى | جۈمە |
| مىئراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 10-ئاينىڭ 3-كۈنى | پەيشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 10-ئاينىڭ 21-كۈنى | دۈشەنبە |
| رامزاننىڭ كىرىشى | رامزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 11-ئاينىڭ 6-كۈنى | چارشەنبە |
| قەدىرى كېچىسى | رامزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 12-ئاينىڭ 1-كۈنى | يەكشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 12-ئاينىڭ 6-كۈنى | جۈمە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 2003-يىل 2-ئاينىڭ 12-كۈنى | چارشەنبە |

## ھىجرىيە 1424-يىل (مىلادىيە 2003- ۋە 2004-يىل ئۈچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2003-يىل 3-ئاينىڭ 5-كۈنى | چارشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 3-ئاينىڭ 14-كۈنى | جۈمە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 5-ئاينىڭ 14-كۈنى | چارشەنبە |
| مىئراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 9-ئاينىڭ 23-كۈنى | سەيشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 10-ئاينىڭ 11-كۈنى | شەنبە |
| رامزاننىڭ كىرىشى | رامزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 10-ئاينىڭ 27-كۈنى | دۈشەنبە |
| قەدىرى كېچىسى | رامزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 11-ئاينىڭ 21-كۈنى | جۈمە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 11-ئاينىڭ 26-كۈنى | چارشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 2004-يىل* 2-ئاينىڭ 2-كۈنى | دۈشەنبە |

## ھىجرىيە 1425-يىل (مىلادىيە 2004- ۋە 2005-يىل ئۈچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2004-يىل* 2-ئاينىڭ 22-كۈنى | يەكشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 3-ئاينىڭ 2-كۈنى | سەيشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 5-ئاينىڭ 2-كۈنى | يەكشەنبە |
| مىئراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 9-ئاينىڭ 11-كۈنى | شەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 9-ئاينىڭ 29-كۈنى | چارشەنبە |
| رامزاننىڭ كىرىشى | رامزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 10-ئاينىڭ 15-كۈنى | جۈمە |
| قەدىرى كېچىسى | رامزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 11-ئاينىڭ 9-كۈنى | سەيشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 11-ئاينىڭ 14-كۈنى | يەكشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 2005-يىل 1-ئاينىڭ 21-كۈنى | جۈمە |

ئىزاھ: * بەلگىسى قويۇلغان يىللار ھىجرىيىدىمۇ، مىلادىيىدىمۇ كەبىسە يىلى ھېسابلىنىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى سانلاردا بېرىلىدۇ)

## ھىجرىيە 1420-يىللىق روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| رامزان | مىلادى | ھەپتە كۈنلىرى | سوھۇر ۋاقتى | تاڭ سوزۇلۇش | كۈن چىقىش | پېشىن | دىگەر | ئىفتار-شام | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 9.12.99 | پەيشەنبە | 4:38 | 5:35 | 7:31 | 12:20 | 14:18 | 16:34 | 17:11 |
| 2 | 10 | جۈمە | 4:39 | 5:36 | 7:32 | 12:20 | 14:19 | 16:35 | 17:12 |
| 3 | 11 | شەنبە | 4:40 | 5:37 | 7:33 | 12:20 | 14:19 | 16:35 | 17:12 |
| 4 | 12 | يەكشەنبە | 4:41 | 5:38 | 7:34 | 12:20 | 14:20 | 16:36 | 17:13 |
| 5 | 13 | دۈشەنبە | 4:42 | 5:39 | 7:35 | 12:20 | 14:20 | 16:36 | 17:13 |
| 6 | 14 | سەيشەنبە | 4:43 | 5:40 | 7:36 | 12:20 | 14:21 | 16:37 | 17:14 |
| 7 | 15 | چارشەنبە | 4:44 | 5:41 | 7:37 | 12:20 | 14:21 | 16:37 | 17:14 |
| 8 | 16 | پەيشەنبە | 4:44 | 5:41 | 7:37 | 12:20 | 14:22 | 16:38 | 17:15 |
| 9 | 17 | جۈمە | 4:45 | 5:42 | 7:38 | 12:20 | 14:23 | 16:39 | 17:16 |
| 10 | 18 | شەنبە | 4:45 | 5:42 | 7:38 | 12:20 | 14:23 | 16:39 | 17:16 |
| 11 | 19 | يەكشەنبە | 4:46 | 5:43 | 7:39 | 12:20 | 14:24 | 16:40 | 17:17 |
| 12 | 20 | دۈشەنبە | 4:46 | 5:43 | 7:39 | 12:20 | 14:24 | 16:40 | 17:17 |
| 13 | 21 | سەيشەنبە | 4:47 | 5:44 | 7:40 | 12:20 | 14:25 | 16:41 | 17:18 |
| 14 | 22 | چارشەنبە | 4:47 | 5:44 | 7:40 | 12:20 | 14:25 | 16:41 | 17:18 |
| 15 | 23 | پەيشەنبە | 4:48 | 5:45 | 7:41 | 12:20 | 14:26 | 16:42 | 17:19 |
| 16 | 24 | جۈمە | 4:48 | 5:45 | 7:41 | 12:20 | 14:26 | 16:42 | 17:19 |
| 17 | 25 | شەنبە | 4:48 | 5:45 | 7:41 | 12:20 | 14:27 | 16:43 | 17:20 |
| 18 | 26 | يەكشەنبە | 4:49 | 5:46 | 7:42 | 12:20 | 14:27 | 16:43 | 17:20 |
| 19 | 27 | دۈشەنبە | 4:49 | 5:46 | 7:42 | 12:20 | 14:28 | 16:44 | 17:21 |
| 20 | 28 | سەيشەنبە | 4:49 | 5:46 | 7:42 | 12:20 | 14:29 | 16:45 | 17:22 |
| 21 | 29 | چارشەنبە | 4:50 | 5:47 | 7:43 | 12:20 | 14:29 | 16:45 | 17:22 |
| 22 | 30 | پەيشەنبە | 4:50 | 5:47 | 7:43 | 12:20 | 14:30 | 16:46 | 17:23 |
| 23 | 31 | جۈمە | 4:50 | 5:47 | 7:43 | 12:20 | 14:31 | 16:47 | 17:24 |
| 24 | 1.1.2000 | شەنبە | 4:51 | 5:48 | 7:44 | 12:20 | 14:32 | 16:48 | 17:25 |
| 25 | 2 | يەكشەنبە | 4:51 | 5:48 | 7:44 | 12:20 | 14:33 | 16:49 | 17:26 |
| 26 | 3 | دۈشەنبە | 4:51 | 5:48 | 7:44 | 12:20 | 14:34 | 17:50 | 17:27 قەدىر كېچىسى |
| 27 | 4 | سەيشەنبە | 4:50 | 5:49 | 7:43 | 12:20 | 14:35 | 16:51 | 17:28 |
| 28 | 5 | چارشەنبە | 4:50 | 5:49 | 7:43 | 12:20 | 14:36 | 16:52 | 17:29 |
| 29 | 6 | پەيشەنبە | 4:50 | 5:49 | 7:43 | 12:20 | 14:37 | 16:53 | 17:30 |
| 30 | 7 | جۈمە | 4:49 | 5:48 | 7:42 | 12:20 | 14:38 | 16:54 | 17:31 |
| 1 | 8 | شەنبە | ھېيت | 5:48 | 7:42 | 12:20 | 14:39 | 16:55 | 17:32 |

ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ۋاقىت جەھەتتىن پەرقلىنىپ، سوھۇر ۋاقتى ۋە ئىفتار ۋاقتى بۇرۇن-كېيىن كېلىدىغان شەھەرلەر

| ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت بۇرۇن | ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت كېيىن |
|---|---|---|---|
| 1. ئالتاي شەھىرى | 19 | 1. خوتەن شەھىرى | 49 |
| 2. قۇمۇل شەھىرى | 6 | 2. قەشقەر شەھىرى | 58 |
| 3. تۇرپان شەھىرى | 5 | 3. ئاتۇش شەھىرى | 57 |
| | | 4. ئاقسۇ شەھىرى | 35 |
| | | 5. غۇلجا شەھىرى | 28 |
| | | 6. كورلا شەھىرى | 10 |
| | | 7. سانجى شەھىرى | 5 |
| | | 8. شىخەنزى شەھىرى | 3 |

تۈزگۈچى: مۇھتەرەم ھاجى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



...ۇ يىل 5-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك
...-نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە مۇسابىقىنىڭ ئاخىرقى
...ۈنىدىكى مەيداندىن بىر كۆرۈنۈش.




سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يۇسۇف مۇھەممەد
ئەل مەدانى مۇسابىقىدە نەتىجە قازانغانلارغا سوۋغات ئاتىدى ۋە ئۇلار بىلەن
بىللە سۈرەتكە چۈشتى.




...ۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئابدۇرەھىم ئىمىن،
...ەمشىدىن ھاجى، خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى قاتارلىقلار
...رائەت مۇسابىقىسىغە قاتناشقان شىنجاڭلىق قارىيلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە
...ۈشتى.




شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى، قارامايلىق ئابدۇشۈكۈر قارى
مۇسابىقىدە 2-لىكنى ئالدى. سۈرەتتە ئۇ قىرائەت قىلماقتا.



...ەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يۇسۇف مۇھەممەد ئەل مەدانى،
...رەب ئەللىرى بىرلەشمىسىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەد ئەل
...اكىت ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار
19... -يىل 7-ئاينىڭ 16-كۈنى (جۈمە كۈنى) چىنىدى شەھىرىدىكى چىنىدى مەسچىتىنىڭ
...ېتىلگەن قۇرۇلۇشىنىڭ مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.



كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بويىچە داڭ چىقىرىپ، "كۆز پەرىشتىسى" دەپ
نام ئالغان ھەدىيە خانىم كۆزىگە ئاق چۈشكەن بوۋاينىڭ كۆزىنى تەكشۈرمەكتە.

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىللىق سانلىرىغا ۋە 1999-يىللىق توپلىمىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەركەزدىكى ئالاقىدار باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ، 1996-يىل ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، مۇشتەرىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى، شۇنداقلا ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە ئىبادەت-رەسمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى ۋە مەلۇم تەسىرگە ئىگە بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ قالدى.

مەزكۇر ژۇرنال ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقىپ تارقىتىلىدۇ. 2000-يىللىق سانلىرىنىڭ **تاق باھاسى 4 يۈەن، يىللىق باھاسى 16 يۈەن** (پوچتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 2000-يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 10-ئايدا باشلىنىپ، يىل ئاخىرىدا ئاخىرلىشىدۇ. مۇشتەرى بولغۇچىلار جايلاردىكى مۇشتەرى توپلاش ئورۇنلىرىغا (ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى تارقىتىش پونكىتى، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى قاتارلىق ئورۇنلارغا) ياكى ژۇرنالدىكى ئادرېس بويىچە بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە مۇشتەرى بولسا بولىدۇ.

**ژۇرنىلىمىزنىڭ** 1999-**يىللىق توپلىمى** 11-ئاينىڭ ئاخىرى تۈپلىنىپ تارقىتىلىدۇ، **باھاسى 25 يۈەن** (پوچتا ھەققى شۇنىڭ ئىچىدە). ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۆتكەنكى نەچچە يىللىق توپلاملىرىنىڭ مۇشتەرىلىرى كۆپ ئېشىپ كەتكىنى ئۈچۈن، بىز تەييارلىغان توپلام جامائەتچىلىكنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى، بۇ يىل مۇشتەرىلەر سانىنى بالدۇرراق ئېلىپ، مۇشتەرىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئىمكانقەدەر قاندۇرۇش ئۈچۈن، توپلامغا مۇشتەرى توپلاش خىزمىتى 1999-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئېتىبارەن باشلىنىدۇ. توپلام سېتىۋالغۇچىلار تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلسا بولىدۇ، ژۇرنالغا يىللىق 100 نۇسخىدىن ئارتۇق، توپلامغا 100 دىن ئارتۇق مۇشتەرى بولغۇچىلارغا 20 پىرسەنت ئېتىبار قىلىنىدۇ.

مۇشتەرى بولغۇچى ئورۇنلار ژۇرنالنىڭ 2000-يىللىق مۇشتەرى بولۇش پۇلىنى يىل ئاخىرىغىچە، 1999-يىللىق توپلامغا مۇشتەرى بولۇش پۇلىنى 11-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە يوللاپ بېرىشى كېرەك. پۇل يوللىنىپ بولغاندىن كېيىن، مۇشتەرىلەر سانىغا قاراپ ژۇرنال نەشر قىلىنىدۇ ۋە تۈپلىنىدۇ.

كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مائارىپ-مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

### ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىللىق شەرەپلىك مۇشتەرىلىرى

ئاقسۇ ئۇچتۇرپاندىن: بەختىيار قادىر
(ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى)
مەكىت ناھىيىسىدىن: پاتەم ھاجى
ئاتۇش شەھىرىدىن: ئەلانۇر خانىم
ئاقسۇ شەھىرىدىن: ئابدۇكېرىم مىجىت

ISSN 1007-5836

09>

9 771007 583001

《中国穆斯林》(维吾尔文版)
1999年第三期(总52期)

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»
1999-يىل 3-سان(ئومۇمىي 52-سان)

刊号: ژۇرنالنىڭ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—3060/B—W

公开发行　定价：3.80元

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ　باھاسى: 3.80 يۈەن